*Вәтәнни сөйүш - иманниң җүмлисидиндур* ۋەتەننى سۆيۈش - ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر

قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق»
جەمئىيىتىنىڭ ئاممىۋى - سىياسىي گېزىتى
Общественно - политическая газета
Общественного объединения уйгуров
“Иттипак” Кыргызской Республики

# ИТТИПАК ئىتتىپاق ЫНТЫМАК

№ 1 (891), январь, 2022 г.
2022-يىل، قەھرىتان 1- سان (891)

-Газета издается с марта 1994 года

## В НОМЕРЕ:



**ДУКниң вакаләтчиси сайланди** 2-бәт



**К 100-летию поэта** Стр. 8.



**Памяти Акрама Хашимова** Стр.10



**Сәнъәт адәмлири** 12-бәт



**Зәйнурә Әсқәрҗан қизи вапат болди** 15-бәт

# ӨЗҮҢҮЗДӨРДҮ САКТАГЫЛА!

# ئۆزەڭلارنى ساقلاڭلار

# БЕРЕГИТЕ СЕБЯ!



Быйылкы кыш COVID-19 пандемиясынан улам башкача болушу күтүлүүдө. Ошол себептен бул учурда жакындарыңызга бекем ден-соолук каалап, жылуу мамиле кылуу менен колдоо көрсөтүү зарыл. Учурда дүйнө жүзү COVID-19 дун «омикрон» аталыштагы жаңы штаммына дуушар болууда. Ошол себептен дүйнөнүн көптөгөн өлкөлөрүндө ооругандардын санынын көбөйгөнүнө күбө болуп келебиз.

Бүгүнкү күндө Кыргызстанда, «дельта» четтетилүү менен «омикрон» вирусу үстөмдүк кылуу менен жайылууда. Бөлөк өлкөлөрдүн тажрыйбасынан улам «омикрон» «дельтага» салыштырмалуу өтө тездик менен жайылганы менен узакка созулбастан жеңилирээк формада өтөт.

Кыргызстанда «омикрондун» жайылышы тууралуу төмөндөкүлөргө токтолуп кетсек болот:

Акыркы кезде «омикрон» менен ооругандардын саны дээрлик эки эсеге көбөйгөн; «омикрондун» белгиси болуп тамактын катуу оорушу, мурундун бүтүшү, кургак жөтөл эсептелет. Буга дагы ысытма, алсыздануу жана баш оору да кошумча болуп, аталган оору менен ооруганда, жыттоо сезими жоголуусу мүмкүн. Жөнөкөй сасык тумоого караганда «омикрон» алда-канча коркунучтуу.

Ревакцинация «омикрон» жана вирустун башка бардык варианттары менен ооруганда оорунун оор формасынан коргоону жогорулатууга мүмкүндүк берет.

Беткап кийүү инфекциядан коргонуунун эффективдүү чарасы болуп саналат жана омикрондун жайылышын кармап турууга жардам берет.

Сураныч! Сактык чараларын көрүүнү суранабыз: массалык иш-чараларга баруудан баш тартууну, аралыкты сактоону, беткап тагынууну, колду тез-тез жууп, бөлмөнү желдетүүнү, антисептик колдонууну жана эмдөөдөн өтүүнү суранабыз. Вакцинация - бул вирус менен күрөшүүнүн бирден-бир натыйжалуу жолу.

Өзүңүзгө жана жакындарыңызга кам көрүңүз!

***«ВОЗ» сайты***

كوۋىد 19 - يۇقۇملۇق ئاغرىقىنىڭ تارقىلىشى سەۋەبىدىن بۇ يىلقى قىش بۇرۇنقى يىللارنىڭ قىشلىرىغا ئوخشىماسلىقى مۇمكىن.

موشۇ سەۋەپتىن بۈگۈنكى كۈندە يېقىنلىرىڭىزغا تەن - سالامەتلىك خالاپ، ياخشى مۇئامىلە ئارقىلىق ئۇلارنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىڭىز كېرەك.

دۇنيا يۈزى كوۋىد19 - نىڭ يېڭى بىر «ئومىكرون» خىرىسىغا دۇچ كەلمەكتە. موشۇ سەۋەپتىن بىز دۇنيادىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەردىكى ئاغرىغانلار سانىنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنىڭ گۇۋاچىسى بولۇۋاتىمىز. بەختكە قارشى ، قىرغىزىستاندا بۈگۈنكى كۈندە «omicron» كېسەللىك قۇرۇلمىسىدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى، ئاساسەن «دېلتا» دېگۈدەك نىڭ ئورنىنى ئالدى. باشقا دۆلەتلەرنىڭ تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، «ئومىكرون» نىڭ «دېلتا» غا قارىغاندا تېخمۇ يۇقۇملۇق ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئامما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا كېسەللىك يېنىكرەك بولىدۇ.

قىرغىزىستاندا «omicron» نىڭ تارقىلىشى توغرىسىدىكى تۇنجى سانلىق مەلۇماتلار بۇ پاكىتلارنى ئىسپاتلىدى. ئالدىنقى ھەپتە، بايقالغان كېسەللىكلەرنىڭ سانى بىر قاتلاندى.

«ئومىكرون» نىڭ ئالامىتى: كېكىردەك قاتتىق ئاغرىش، بۇرۇن توسۇلۇش، قۇرۇق يۆتەل. قىزىش، ئېغىر زەئىپلىشىش باش ئاغرىش ۋە پۇراق يوقىتىش مۇمكىن.

«ئومىكرون» ۋارىيانتى ئادەتتىكى زۇكامدىن كۆپ خەتەرلىك.

ۋاكسىنا ئەملەش ئارقىلىق «ئومىكرون» ۋە ۋىرۇسنىڭ باشقا ھەر خىل ۋارىيانتلىرى بىلەن يۇقۇملانغاندا، ئېغىر كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۈچەيتەلەيسىز.

ماسكا تاقاش يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىر بولۇپ ، «ئومىكرون» كېسىلىنىڭ تارقالماسلىقىغا ياردەم بېرىدۇ.

«ئومىكرون» ئاغرىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىڭىزنى قوللىنىشىڭىزنى سورايمىز: ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشنى رەت قىلىش ، ئارىلىقىڭىزنى ساقلاش ، ماسكا تاقاش ، قولنى دائىم يۇيۇش ۋە ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش ، ۋىرۇسقا قارشى دورا ئىشلىتىپ ۋاكسىنا ئەملەش. ۋاكسىنا ئەملەش ۋىرۇسقا قارشى تۇرۇشنىڭ بىردىنبىر ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى.

ئۆزىڭىزگە ۋە يېقىنلىرىڭىزغا كۆڭۈل بۆلۈڭ!

«ۋئوز» سايتى

В этом году зима, вероятно, будет не такая, как прежде, из-за пандемии COVID-19. При этом лучшими подарками для ваших близких в этом году станут здоровье, внимательное отношение и поддержка.

Мир столкнулся с новым вызовом – новым штаммом COVID-19 «омикрон». Во многих странах мы наблюдаем стремительные всплески заболеваемости. К сожалению, и в Кыргызстане сегодня «омикрон» уже доминирует в структуре заболеваемости, практически полностью вытеснив «дельту».

По опыту других стран мы знаем, что «омикрон» намного заразнее «дельты». Но в то же время в большинстве случаев болезнь протекает в более легкой форме.

Первые данные о распространении «омикрона» в Кыргызстане подтверждают нижеследующие факты.

В последнее время число выявленных случаев заболевания выросло в два раза.

Признаком «Омикрона» является сильная боль в горле, заложенность носа, сухой кашель. К этому добавляется повышение температуры, сильная слабость и головная боль, при заражении этим штаммом возможна потеря обоняния, но этот симптом появляется ближе к выздоровлению.

Вариант «омикрон» намного опаснее, нежели обычная простуда.

Ревакцинация позволяет усилить защиту от тяжелой формы заболевания при заражении «омикроном» и всеми другими вариантами вируса.

Ношение маски является эффективной мерой защиты от инфекции и помогает сдерживать распространение «омикрона».

Пожалуйста, просим вас соблюдать меры предосторожности: отказаться от посещения массовых мероприятий, соблюдать дистанцию, носить маски, чаще мыть руки и проветривать помещение, пользоваться антисептиком и получить прививку. Вакцинация – единственный эффективный способ борьбы с вирусом.

Берегите себя и своих близких!

***Сайт «ВОЗ»***

# ҺӨРМӘТЛИК ГЕЗИТ ОҚУҒУЧИЛАР!

Һөрмәтлик вәтәндашлар, «Иттипақ» гезитиниң 2022-жилиниң биринчи номери қолуңизда турупту.

2020-2021- жиллар, барлиқ қирғизстанлиқлар үчүн еғир жиллар болди. Коронавирус жукумлуқ ағриғи мәмликитимиз Қирғизстанниң вә пүткүл дуния дөләтлириниң ихтисатидики һәр хил саһалириға қаттиқ зәрәр көрсәтти, чегарилар йепилип, дуния мәмликәтлири пухралириниң өз ара учрушушлири камийип кәтти. Биз ишинимизки, мошу жилда биз үчүн очуқ, парлақ күнләр болиду. Сизләр, һөрмәтлик гезит оқуғучилар, буниңдин кейинму һәр даим гезитимизниң жанкөйәрлири болушиңларға ишәнчимиз камил.

Бизниң гезитимиз – сабиқ Совет Иттипақи тәвәсидә бирдин-бир уйғур тилида чиқиватқан гезит. Бизниң гезитимиз Қирғизстан уйғурлириниң ижтимаий-мәдәний һаятини йезиштин ташқири, хошна Қазақстанда вә Өзбәкстанда яшаватқан уйғурларниң һаятини, вәтинимиз Уйғуристанда болуватқан хәлқимизниң пажиәлик әхвалини, Дуния уйғур қурултейиниң хәлиқара мәйданда елип бериватқан зор паалийитини вә хитай даирилириниң уйғур хәлқигә қарита жүргүзиватқан мудһиш қирғинчилиқ сәясити паш қиливатқан, хәлиқарадики инсан һоқуқлирини қоғдаш тәшкилатлириниң докладлирини, мақалилирини вә қарарлирини өз бәтлиридә даима бесип кәлмәктә. Бунидин башқа мәсилиниң йәнә бир тәрипигә нәзәр ағдуруп көрәйли. Бүгүнки күнлүктә биз, Қирғизстан уйғур жамаити үчүн әң актуал мәсилиләрниң бири-бу ана тилини үгиниш мәсилисидур. Чүнки, статистика бойичә 60 миңға йеқин уйғур аһалиси яшаватқан республикида, уйғур тилидин тәлим алғидәк бирму билим дәргаһи йоқ. Мундақ шараитта яш өсмүрләрниң ана тилини үгиниш имканийитиму әлвәттә чәклик болиду, һәтта йоқ десәкму болиду. Мана мошу җәһәттин елип қариғандиму, «Иттипақ» гезитиниң келәчәк әвлатларниң уйғур тилини үгиниши үчүн әһмийити интайин зордур.

Балилиримизниң гезитимизни оқушиға, ана тилини үгинишигә ата-анилар ярдәм берәйли. Уйғур, рус тиллирида чиқиватқан қош тиллиқ «Иттипақ» гезитини риваҗландурушқ, бу – бизниң милләтпәрвәрлик бурчимиз вә вәзипимиз!

Һөрмәтлик гезит оқуғучилар! Сизләрниң алдиңларда редакциямизниң ишиги һәр даим очуқ. Өзәңларниң гезитимизгә болған истәклириңларни вә пикир – мулаһизиңларни әвәтсәңләр болиду.




Биз сизләр билән һәр даим учрушишқа вә сөһбәтлишишкә хошалмиз. Мошу, йеңи киргән 2022-жили мунасивити билән сизләргә мәһкәм тән-саламәтлик, хизмәт, оқуш ишлириңизға вә әмгәк паалийәтлириңизға көп утуқларни тиләймиз.

Һәр бир күниңлар яхши кәйпият вә хошаллиқ билән өтсүн.

Һәр бириңларниң өйлиридә бәхит-саадәт вә аилә һәтиржәмлиги чириғи һәр даим йенип турсун!

***«Иттипақ» гезитиниң редакцияси***

# УВАЖАЕМЫЕ, ДОРОГИЕ ЧИТАТЕЛИ!

Дорогие наши читатели, вы держите в своих руках первый номер нашей газеты «Иттипак» наступившего 2022 года. 2020-2021 годы были нелёгкими годами для нашей газеты, да и вообще для кыргызстанцев в плане выживаемости из-за пандемии коронавируса, охватившая весь мир, нанесшая существенный урон различным отраслям экономики нашей республики и стран мира и резко ограничившая взаимоотношения между гражданами государств. Мы верим и надеемся в то, что в этом году для нас наступят светлые дни и что вы, уважаемые читатели нашей газеты в дальнейшем останетесь постоянными читателями и подписчиками нашей газеты. Наша газета-единственное общественно-политическая газета на постсоветском пространстве, выходящая на уйгурском и русском языках, освещающая общественно-культурную жизнь уйгуров не только Кыргызстана, но и соседних с нами Казахстана и Узбекистана, информирующая о политической ситуации в СУАРе и о деятельности Всемирного уйгурского конгресса (ВУК) и различных политических и правозащитных организаций и движений уйгуров на международной арене. Наша газета выходила, выходит и будет выходить, несмотря, на потуги недоброжелателей нашей газеты и на трудности реалии нашей сегодняшней жизни.

Мы должны здесь констатировать то, дорогие читатели, что на сегодня для нас самыми актуальными проблемами являются сохранение своего родного языка, культуры, национальных традиций и обычаев, сохранения нашего народа как нации и его будущее. В нашей республике по официальной статистике проживает более 60.000 уйгуров. К большому сожалению, у нас в республике на данный момент нет ни школ, ни факультативного изучения уйгурского языка в школах в местах компактного проживания уйгуров, и нет у нас и домов культуры. Дорогие читатели, исходя из этих печальных реалии мы должны сохранить единственное что у нас есть в газету «Иттипак» Общества уйгуров «Иттипак» КР.

Уважаемые читатели! Перед вами двери нашей редакции всегда открыты. Присылайте ваши отзывы, предложения, замечания и пожелания. Мы всегда готовы и рады к диалогу с вами. Мы желаем вам в этом году крепкого здоровья и больших успехов в службе, трудовой деятельности и в учёбе. Пусть в этом году в вашей повседневной жизни сопутствуют радость и хорошее настроение. Пусть в ваших домах всегда горит свеча счастья, изобилия и семейного благополучия!

***Редакция газеты «Иттипак»***

# ھۆرمەتلىك گېزىت ئوقۇغۇچىلار!

ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار، «ئىتتىپاق» گېزىتىنىڭ 2022 ـ يىلىنىڭ بىرىنچى نومېرى قولۇڭىزدا تۇرۇپتۇ.

2020 ـ 2021 ـ يىللار، بارلىق قىرغىزستانلىقلار ئۈچۈن ئېغىر يىللار بولدى. كوروناۋىرۇس يۇقۇملۇق ئاغرىغى مەملىكىتىمىز قىرغىزستاننىڭ ۋە پۈتكۈل دۇنيا دۆلەتلىرىنىڭ ئىختىساتىدىكى ھەر خىل ساھالىرىغا قاتتىق زەرەر كۆرسەتتى، چېگارىلار يېپىلىپ، دۇنيا مەملىكەتلىرى پۇخرالىرىنىڭ ئۆز ئارا ئۇچرۇشلىرىنى كامىيىپ كەتتى. بىز ئىشىنىمىزكى، موشۇ يىلدا بىز ئۈچۈن ئوچۇق، پارلاق كۈنلەر بولىدۇ. سىزلەر، ھۆرمەتلىك گېزىت ئوقۇغۇچىلار، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەر دائىم گېزىتلىرىمىزنىڭ جانكۆيەرلىرى بولۇشۇڭلارغا ئىشەنچىمىز كامىل.

بىزنىڭ گېزىتىمىز ـ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدە بىردىن ـ بىر ئۇيغۇر تىلىدا چىقىۋاتقان گېزىت. بىزنىڭ گېزىتىمىز قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ـ مەدەنىي ھاياتىنى يېزىشتىن تاشقىرى خوشنا قازاقىستاندا، ئۆزبەكىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىنى، ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرىستاندا بولۇۋاتقان خەلقىمىزنىڭ پاجىئەلىك ئەھۋالىنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خەلقئارا مەيداندا ئېلىپ بېرىۋاتقان زور پائالىيىتىنى، خىتاي دائىرلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە قارىتا يۈرگۈزىۋاتقان مۇدھىش قىرغىنچىلىق سەياسىتىنى پاش قىلىۋاتقان، خەلقئارادىكى ئىنسان ھوقۇقلىرىنى قوغداش تەشكىلاتلىرىنىڭ دوكلادلىرىنى، ماقالىلىرىنى ۋە قارارلىرىنى ئۆز بەتلىرىدە دائىما بېسىپ كەلمەكتە. بۇ ـ بىزنىڭ مىللەتپەرۋەرلىك بۇرچىمىز ۋە ۋەزىپىمىز!

ھۆرمەتلىك گېزىت ئوقۇغۇچىلار! سىزلەر ئۈچۈن رېداكسىيەمىزنىڭ ئىشىكلىرى ھەر دائىم ئوچۇق. ئۆزەڭلارنىڭ گېزىتىمىزگە بولغان ئىستەكلىرىڭلارنى ۋە پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرىڭلارنى ئەۋەتسەڭلەر بولىدۇ.

بىز سىزلەر بىلەن ھەر دائىم ئۇچرۇششقا ۋە سۆھبەتلىششكە خوشالمىز. موشۇ، يېڭى كىرگەن 2022 ـ يىلى مۇناسىۋىتى بىلەن سىزلەرگە مەھكەم تەن ـ سالامەتلىك، خىزمەت، ئوقۇش ئىشلىرىڭىزغا ۋە ئەمگەك پائالىيەتلىرىڭىزغا كۆپ ئۇتۇقلارنى تىلەمىز.

ھەر بىر كۈنڭلار ياخشى كەيپىيات ۋە خوشاللىق بىلەن ئۆتسۇن.

ھەر بىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە بەخت ـ سائادەت ۋە ئائىلە خاتىرجەملىگى چىرىغى ھەر دائىم يېنىپ تۇرسۇن!

«ئىتتىپاق» گېزىتىنىڭ رېداكسىيەسى

**Иттипак**

**Главный редактор:** باش مۇھەررىر:
*Зумрат Рузиева* زۇمرەت رۇزىېۋا

**Зам. редактора:** مۇئاۋىن مۇھەررىرلەر:
*Акбаржан Баудунов* ئەكبەرجان باۋۇدۇن
*Абдурахим Хапизов* ئابدۇرەخىم ھاپىزى

**Редколлегия:** تەھرىر ھەيئىتى
*Музаппархан Курбанов* مۇزەپپەرخان قۇربانوۋ
*Мухаммеджан Ясынов* مۇھەممەتجان ياسىنوۋ
*Осман Турдиев* ئۇسمان تۇردىيېۋ

**Дизайнер - верстальщик:** دىزاينېرى ـ ۋېرستالشىكى:
*Зумрат Рузиева* زۇمرەت رۇزىېۋا

**Набор текста:** تېكستنى نابور قىلغان:
*Зайтуна Рузиева* زەيتۇنەم رۇزىېۋا

Материалы, опубликованные в газете, являются собственностью редакции. Письма, рукописи не рецензируются и не возвращаются. Авторы опубликованных материалов несут ответственность за подбор и точность приведенных фактов. Редакция может публиковать статьи в порядке обсуждения, не разделяя точку зрения автора. Отвественность за содержание статей и рекламы редакция не несет.

گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدىكى ماتېرىئاللارنىڭ جاۋاپكەرلىگى مۇئەللىپ ئۈستىدە.

**Учредитель:**
**Общественное объединение уйгуров «Иттипак» Кыргызской Республики**

ساھىبى:
«ئىتتىپاق» جەمئىيتى

**Свидетельство о перерегистрации 682, серия ГРП, номер 000833 Министерство юстиции КР**

**Отпечатано в типографии «Центр поддержки СМИ». Заказ №124, тираж 3300**

**г. Бишкек, АНК, Дом Дружбы, ул. Пушкина, 78 инд.: 720040**

**Тел.: 62-04-50 66-40-04**

# Д У Қ НИҢ ҚИРҒИЗСТАНДИКИ РӘСМИЙ ВАКАЛӘТЧИСИ САЙЛАНДИ

29-январь күни VII-нөвәтлик Дуния уйғур курултейи (ДУҚ) ниң Қирғизстандики делегатлириниң жиғини болуп, жиғин он-лайн системиси бойичә өтти. Бу жиғинниң күн тәртивидә ДУҚ ниң Қирғизстандики рәсмий вәкилини сайлаш мәсилиси қаралди. Жиғинға Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийити рәисиниң орунбасари Әкбәржан Бавдун риясәтчилик қилди. Жиғинға, VII- нөвәтлик Дуния уйғур курултейиниң Қирғизстандики вәкиллири: Әкбәржан Бавдун, Музәппәрхан Қурбан, Розимәмәт Абдулбақиев, Зүмрәт Рузиева, Пәрһат Ибрагимов, Садиқҗан Ниязов, Мәликәм Абдулбақиева вә мошу қурларниң муәллипи Абдурәхим һапизилар қатнашти. Булардин ташқири жиғинға он-лайн системиси бойичә: «Иттипақ» жәмийитиниң рәиси Әсқәр Қасими, Турсунай Қасими, Дилмурат Әкбәров, Мәвлан Һошуров, Ферузә Мәтмусаева, Нәргиз Бавдинова вә Мәдинә Ниязовалар қатнашти.

Риясәтчи делегатларниң алдиға Д У Қ ниң алдинқи 4 жилға қәдәр Қирғизстандики рәсмий вәкилини сайлаш мәсилисини оттуриға қойди.

Бу жиғинға қатнашқан барлиқ делегатлар өзлириниң пикирлирини ейтишти. Жиғин делегатлири Розимәмәт Абдулбақиевни ДУҚниң Қирғизстандики рәсмий вәкили болушини лайиқ көрүп намзатлиққа көрситишти.

Нәтиҗидә VII- нөвәтлик Дуния уйғур курултай делегатлири бир авhouseholdиздин Розимәмәт Абдулбақиевни ДУҚниң Қирғизстандики рәсмий вәкили қилип сайлашти. Сайлам нәтиҗисидин кейин мошу өткүзүлгән делегатларниң жиғини билән он-лайн системиси арқилиқ алақида болған ДУҚ рәһбәрлиги: ДУҚ ниң рәиси Долкун Әйса, ДУҚ рәисиниң орунбасар-



лири: Әркин Әкрәм, Пәрһат Юрунқаш; ДУҚ Иҗраийә комитети рәисиниң орунбасарлири Сәмәт Абла, Әркин Әхмәтов вә ДУҚ Иқтисадий фондиниң мудири Абдуҗелил Әмәтләр қатнашти. *ДУҚ рәһбәрлири Розимәмәт Абдулбақиевни ДУҚниң Қирғизстандики рәсмий вәкили болуп сайлинишини мунасивити билән қизғин тәбриклəп, униңға уйғур хәлқиниң әркинлиги вә мустәқиллиғи йолидики паалийитигә чоң утуқларни тиләшти.*

***Абдурәхим һапизи, сәясәт пәнлириниң магистри***




# د ئۇ ق نىڭ قىرغىزستاندىكى رەسمىي ۋاكالەتچىسى سايلاندى

29 ـ يانۋار كۈنى VII ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى (دئۇق) نىڭ قىرغىزستاندىكى ۋەكىللىرىنىڭ يىغىنى بولۇپ، يىغىن ئونلايىن ـ سىستېمىسى بويىچە ئوتتى. بۇ يىغىننىڭ كۈن تەرتىۋىدە د ئۇق نىڭ قىرغىزستاندىكى رەسمىي ۋەكىلىنى سايلاش مەسلىسى قارالدى. يىغىنغا قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق» جەمئىيتى رەئىسىنىڭ ئورۇنباسارى ئەكبەرجان باۋدۇن رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىنغا، VII ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ قىرغىزستاندىكى ۋەكىللىرى: ئەكبەرجان باۋدۇن، مۇزەپپەرخان قۇربان، روزمەمەت ئابدۇلباقىيۋ، زۈمرەت رۇزىيۋا، پەرھات ئىبراگىموۋ، سادىقجان نىيازوۋ، مەلىكەم ئابدۇلباقىيۋا ۋە موشۇ قۇرلارنىڭ مۇئەللىپى ئابدۇرەخىم ھاپىزىلار قاتناشتى. بۇلاردىن تاشقىرى يىغىنغا ئونلايىن ـ سىستېمىسى بويىچە: «ئىتتىپاق» جەمئىيتىنىڭ رەئىسى ئەسقەر قاسىمى، تۇرسۇناي قاسىمى، دىلمۇرات ئەكبەروۋ، مەۋلان ھوشۇروۋ، فىرۇزە ماتمۇسايىۋا، نارگىز باۋدىنوۋا ۋە مەدىنە نىيازوۋالار قاتناشتى.

رىياسەتچى، ۋەكىللەرنىڭ ئالدىغا د ئۇ ق نىڭ ئالدىنقى 4 يىلغا قەدەر قىرغىزستاندىكى رەسمىي ۋەكىلىنى سايلاش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەر ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى ئېيتىشتى. يىغىن ۋەكىللىرى روزمەمەت ئابدۇلباقىيۋنى دئۇق نىڭ قىرغىزستاندىكى رەسمىي ۋەكىلى بولۇشنى لايىق كۆرۈپ نامزاتلىققا كۆرسىتىشتى. نەتىجىدە VII ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى بىر ئاۋازدىن روزمەمەت ئابدۇلباقىيۋنى دئۇق نىڭ قىرغىزستاندىكى رەسمىي ۋەكىلى قىلىپ سايلاشتى. سايلام نەتىجىسىدىن كېيىن موشۇ ئۆتكۈزۈلگەن ۋەكىللەرنىڭ يىغىنى بىلەن ئولايىن ـ سىستېمىسى ئارقىلىق ئالاقىدا بولغان دئۇق رەھبەرلىگى: دئۇق نىڭ رەئىسى ـ دولقۇن ئەيسا، دئۇق رەئىسىنىڭ ئورۇنباسارلىرى: ئەركىن ئەكرەم، پەرھات يۇرۇنقاش؛ دئۇق ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسىنىڭ ئورۇنباسارلىرى ـ سەمەت ئابلا، ئەركىن ئەخمەتوۋ ۋە دئۇق ئىقتىسادىي فوندىنىڭ مۇدىرى ئابدۇجېلىل ئەمەتلەر قاتناشتى. دئۇق رەھبەرلىرى روزمەمەت ئابدۇلباقىيۋنى دئۇق نىڭ قىرغىزستاندىكى رەسمىي ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن قىزغىن تەبرىكلەپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەركىنلىگى ۋە مۇستەقىللىغى يولىدىكى پائالىيىتىگە چوڭ ئۇتۇقلارنى تىلەشتى.

**ئابدۇرەخىم ھاپىزى، سەياسەت پەنلىرىنىڭ ماگىستىرى**

## ДУҚ РӘИСИНИҢ РОЗИМӘМӘТ АБДУЛБАҚИЕВ ҺӘҚҚИДИКИ ҚАРАРИ

29-январь күни ДУҚ рәһбәрлиги билән Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» жәмийитиниң һәйъәт әзалири болған вә ДУҚниң VII-курултейиға сайланған вәкиллири билән өткүзүлгән сөһбәт жиғинида, Қирғизистандики вәкиллиримизниң бирдәк авази билән намзат көрсүтүши вә ДУК рәиси Долкун Әйса әпәндимниң мақуллуғи билән пешқәдәм күрәшчимиз вә устазимиз **Розимәмәт Абдулбақиев** әпәндим йәнәтәкрар ДУҚниң Қирғизстандики баш вакаләтчилиғигә тайинланди, мубарәк болсун! һөрмәт билән: ***ДУҚ рәһбәрлиги***

## دئۇق رەئىسىنىڭ روزىمەمەت ئابدۇلباقىيۋ ھەققىدىكى قارارى:

29 ـ يانۋار كۈنى دئۇق رەھبەرلىگى بىلەن قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق» جەمىيتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى ۋە دئۇق نىڭ VII ـ قۇرۇلتىيىغا سايلانغان قىرغىزىستاندىكى ۋەكىللىرى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يىغىنىدا ۋەكىللەرنىڭ بىردەك ئاۋاز بىلەن نامزات كۆرسۈتۈشى ۋە دئۇق رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندىمنىڭ ماقۇللۇغى بىلەن پىشقەدەم كۈرەشچىمىز ۋە ئۇستازىمىز روزىمەمەت ئابدۇلباقىيېۋ ئەپەندىم يەنە تەكرار دئۇق نىڭ قىرغىزىستاندىكى باش ۋاكالەتچىلىگىگە تەيىنلەندى، مۇبارەك بولسۇن!

ھۆرمەت بىلەن : دئۇق رەھبەرلىگى

## ЛАГЕРЬ ШАҺИДИ МЕҺРИГҮЛ ТУРСУННИҢ ГУВАҺЛИҒИ ҺӘҚҚИДИКИ ГЕРМАНЧӘ КИТАП НӘШИРДИН ЧИҚТИ

17-январь күни Германиядики даңлиқ нәшриятлардин бири болған Хейне Верлаг (Heyne Verlag) нәшрияти Берлинда әхбарат елан қилиш жиғинини өткүзүп, язғучи Андрия С. Хофман билән лагерь шаһиди Меһригүл Турсунниң һәмкарлиғида йезилған «Барса кәлмәс жай» намлиқ китапни тонуштурған.

Герман тилида нәширдин чиққан мәзкур китапниң 1 - бетигә китапниң баш қәһримани, һазир Америкида яшаватқан лагерь шаһиди Меһригүл Турсунниң «Дуния мениң әғзимдин уйғур хәлқигә ишәнгүсиз жинайәтләрниң қандақ шәкилләрдә елип бериливатқанлиғини билиши керәк, бу мениң вәзипәм. Мән бу ишларға гуваһчи болуш үчүн һаят қалдим. Әнди һечким буниңдин кейин бу ишлар һәққидә һечнемә билмәйдиғанлиғини демәслиги керәк». Китапниң баш қисмиға йәнә қәләм тәврәткүчи автор Адрия С Хофманниң бу китапни оқуп чиқишқа жасарәт кетидиғанлиғи тоғрисидики әскәртишиму илавә қилинған.




Шу күндики әхбарат елан қилиш жиғиниға китапниң қәләм тәврәткүчи автори Хофман ханим, нәшриятниң тәһрирлири вә алаһидә тәклип қилинған журналистлар қатнашқан. Меһригүл Турсун бу жиғинға тор арқилиқ қатнашқан.

«Барса кәлмәс жай» намлиқ бу китапта 31 яшлиқ Меһригүл Турсунниң Хитай һөкүмити тәрипидин бегунаһ һалда тутуп кетилиш, турмә вә лагерларға қамилиш жәрияни һәмдә әзиучриғанвәшаһидболғанишәнгүсиз дәрижидики ечинишлиқ кәчмишлири тәсвирләнгән. Китапта Меһригүлниң қутулуш һекайилиридин башқа йәнә униң өсүп-йетилиш жәрияни, уйғурларниң Хитайдин пәрқлиқ бир милләт екәнлиги, уйғурларниң өзигә хас мәдәнийәтлири вә уларниң арзу-арманлири йорутулған.

Бу китапниң йезилиш жәриянида Меһригүл билән қәләм тәврәткүчи автор оттурисида тәржиманлиқ қилған Германиядики уйғур паалийәтчи Меһрибан Мәмәт зияритимизни қобул қилип, бу китапниң қәләмгә елиниш жәриянининг интайин тәсирлик болғанлиғини баян қилди. У: «Меһригүлниң бешидин кәчүргән, адәттики адәмләр қияс қилалмиғудәк дәрижидики ечинишлиқ сәргүзәштилирдин һәр қандақ оқурмән тәсирләнмәй туралмайду, шундақла, Меһригүлниң жасаритигә қайил болмай қалмайду», деди.

Хитай һөкүмитиниң уйғур районида қурған жаза лагерлириниң сирлири техи ечилмиған бир пәйттә, 29 яшлиқ Меһригүл Турсун Хитайдики Мисир әлчиханисиниң арилиши билән2018- жили мартта қоюп берилгән вә шу жили апрельниң ахири Қаһирәгә кәлгән еди. У йәнә шу жили 9-айда Америкиға йетип келип олтурақлашқан.

Меһригүл Турсун Америкиға кәлгәндин кейин, Хитайниң уйғур елида қурған лагеридин қутулуп чиққан тунжи аял шаһит болуш сүпити билән Әркин Асия радиосиниң зияритини қобул қилған еди. Шуниңдин буян Меһригүл түрлүк хәлиқаралиқ таратқуларда гуваһлиқ берип, лагерлардики қийин-қистақ, ач қоюш», йолвас орундуқ»қа олтурғузуш, ухлатмаслиқ, жинсий паркәндичилик қилиш вә басқунчилиқ қилиш, бемарларни давалимаслиқ қатарлиқ инсан келипидин чиққан зулумларни дунияға ашкарилап кәлди.

Меһригүл Турсун, 2018- жили ноябрьда Америка дөләт мәжлисидә гуваһлиқ берип, өзигә охшаш миллионлиған бегуна уйғурларниң пәқәт уйғурлуқ кимлиги сәвәблиқла Хитайниң йоқитиш нишаниға айлиниватқанлиғини ечип бәргән еди. Меһригүлниң һәр хил тәһдитләргә қаримай һәқиқәтни ечиштики жасарити нурғун Америка сәясийонлири вә әхбарат саһәсини тәсирләндүргән.

«Барса кәлмәс жай» намлиқ китапниң нәшир қилиниши мунасивити билән мәхсус зияритимизни қобул қилған Меһригүл Турсун, бу китапни автор билән һәмкарлишип йезишқа бир йерим жилдин узун вақит кәткәнлигини, бу китапниң тунжи нәшриниң 85 миң тираж билән чиққанлиғивәбашқатилларғатәржимә қилинмақчи екәнлигини билдүрди.

Меһригүл йәнә бу китапниң Бейжиң қишлиқ олимпик мусабиқиси өткүзүлүшниң алдида нәширдин чиққанлиғидин интайин мәмнун екәнлигини, мәзкур китапниң Хитайға қарши авазлириниң күчийишигә түрткә болушини үмүт қилидиғанлиғини ейтти.

Буниң алдида Меһригүл Турсунниң гуваһлиғи тоғрилиқ Японийилик картон язғучиси Томоми ханимниң «Мениң кәчмишим-бир уйғур аялниң гуваһлиғи» намлиқ картонлуқ сизма китави 2019- жили Японийидә нәшир қилинған еди.

Меһригүл Турсунниң лагердики қабаһәтлик кәчмишлири йезилған бу китап, Сайрагүл Савутбай вә Гүлбаһар Һейтиваҗилар баш қәһриман қилинған китаплардин кейинки лагерь шаһидлириниң гуваһлиғи һәққидә йезилған 3-китап һесаплиниду.

**Гүлчеһрә**

## *ДУНИЯ УЙҒУР ҚУРУЛТЕЙИНИҢ БӘЗИ ТАЛАШ-ТАРТИШЛАРҒА ИЗАҺИТИ*

Йеқинқи вақиттин бери, ижтимаий таратқуларда «индиҗинис пипул» темисида давам қиливатқан талаш-тартишлар хәлқимиз ичидә бир қисим кишилиримизниң қаймуқушиға сәвәп боливатиду. Шу сәвәптин Дуния уйғур қурултейи бу һәқтә изаһат беришни, һәмдә қурултейимизниң мәйдани вә принциплирини хәлқимиз билән йәнә кетим ортақлишишни зөрүр дәп каридуқ.

Дуния уйғур қурултейи, һеч қачан вә һеч йәрдә, уйғурларни «индиҗинис пипул» тизимлигигә киргүзүп қойған бир иш мәвжут әмәс. Бу тема әзәлдин қурултейимизниң күнтәртивидә болуп бақмиған болуп, бүгүнгә қәдәр бу мәсилә үстидә бирәр рәсмий музакириму елип берилғиниму йоқ.

Дуния уйғур қурултейи уйғурларни Шәрқий Түркистанда әлмисақтин тартип яшап кәлгән, бу тупрақниң әсли йәрлик аһалиси вә қануний егиси дәп қарайду. Амма бәзиләр тәсвирлигәндәк, уйғурларни «индиҗинис пипул» дәп каримайду вә бу қарашни хата дәп қарайду.

Дуния уйғур қурултейи әждатлиримизниң күрәш ирадисигә варислиқ қилип, Шәрқий Түркистанниң үзүл – кесил мустәқиллигини қолға кәлтүрүшни ахирқи бүйүк нишан қилған бир тәшкилаттур. Бу бизниң тәврәнмәс мәйданимиз вә ваз кечилмәс принципимиз!

Нөвәттә, Хитайниң Шәрқий Түркистанда хәлқимизгә жүргүзиватқан иркий қирғинчилиғи давам қиливатиду. Шуниң билән биргә Шәрқий Түркистан давасиму йеңи бир басқучқа қәдәм қойди. Бүгүнки күндә, муһаҗирәттики барчә шәрқий түркистанлиқлар вә тәшкилатлар өз - ара ихтилап қилиш вә бир- биригә қарши туруш әмәс, бәлким, Хитайға қарши бирлишишкә һәрқандақ вақитлардикиму бәкрәк еһтияҗлиқ!

Көз алдимизда, Бейжиң қишлиқ олимпикқа қарши һәрикәтләрни давам қилдуруш, Лондон уйғур сотиниң «иркий қирғинчилиқ» қарарини тутқа қилип туруп техиму көп дөләтләрдә охшаш карарниң елинишини қолға кәлтүрүш, Америкида чиқирилған «Уйғур мәҗбурий әмгәкни чәкләш қануни»ниниң әмәлий иҗра қилиниши үчүн тиришчанлиқ көрсүтүш вә башқа дөләтләрдиму шу хилдики карарниң елиниши үчүн йол меңиш, Әнглия, Канада, Германия, Франсия вә Аргентина сотлиридики дәвайимизниң оңушлуқ елип бериши үчүн һәрикәт қилиш ... қатарлиқ бир- биридин муһим, тәхирсиз ишлар Дуния уйғур қурултейи вә башқа барлиқ Шәрқий Түркистан тәшкилатлири вә паалийәтчилиримизниң җиддий һәрикәткә өтүшини күтүп турупту. Бундақ екән, бизниң ички талаш-тартишларға сәрп қилидиған вақтимиз болмаслиғи керәк.

Қурултейимиз, барчә тәшкилатлиримизни вә вәтәнпәрвәр паалийәтчилиримизни бу бүйүк, шәрәплик, әмма җапалиқ күрәштә бир сәп болуп уюшушқа, әмәлий иш-хизмәтлиримиз арқилиқ бир-биримизниң кам йәрлирини толуқлашқа, вәтән - милләт үчүн әмәлий иш қиливатқан тәшкилат вә шәхслиримизгә зәрбә бериш әмәс, бәлким қоллаш вә мәдәт беришкә, муһаҗирәттики һәр бир шәрқий түркистанлиқниң өз имканийәтлири даирисидә әң зор тиришчанлиқ көрсүтүп, давам қиливатқан уйғур қирғинчилиғини тохтутуш җәңидә пидаийлардин болушқа чақиримиз.

Шуни унутмаслиғимиз керәкки, вәтәнниң мустәқиллиғи пухта тәйярланған план-программа вә мошу асаста елип берилидиған әмәлий иш - һәрикәт билән қолға келиду.

**Дуния уйғур қурултейи**
**2022-- жили, 17- январь**

# فرانسىيە پارلامېنتى «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى» نى ئېتىراپ قىلغان تارىخىي قارار چىقاردى

20-يانۋار كۈنى، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزىۋاتقان باستۇرۇشلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئېتىراپ قىلىش ھەققىدىكى قارار لايىھەسى فرانسىيە پارلامېنتىدا ئاۋازغا قويۇلغان. مەزكۇر قارار لايىھەسى فرانسىيە پارلامېنتىدا 169 ئاۋاز ئاۋاز بىلەن، يەنى مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن ماقۇللانغان. بۇ قارار لايىھەسى نۆۋەتتىكى پرېزىدېنت ئېممانۇئېل ماكروننىڭ پارتىيەسى بولغان «جۇمھۇرىيەت ھەرىكەت پارتىيەسى» نىڭمۇ قوللىشىغا ئېرىشكەن.

فرانسىيەنىڭ داڭلىق ئاخبارات قاناللىرىدىن بىرى بولغان «فرانسىيە 24» نىڭ بۇ ھەقتە ئېلان قىلغان خەۋىرىدە: «فرانسىيە پارلامېنتى پەيشەنبە كۈنى قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ئىككى ھەپتە قالغاندا، پارىژ بىلەن بېيجىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇلۇش خەۋپىگە قارىماستىن، خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قارىتىلغان باستۇرۇشنى ‹ئىرقىي قىرغىنچىلىق› دەپ ئېلان قىلدى،» دېيىلگەن.

فرانسىيە پارلامېنتى يەنە فرانسىيە ھۆكۈمىتىنى ئۇيغۇر رايونىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش ئۈچۈن خەلقئارا جەمئىيەتنى خىتايغا قاراتقان تاشقى سىياسەتتە زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا چاقىرغان.

سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ باشلىقى ئولىۋىير فائۇر «فرانسىيە 24» قانىلىغا بەرگەن ئىنكاسىدا، پارلامېنتتا ئالدىنقى ھەپتە گۇۋاھلىق بەرگەن لاگېر شاھىتلىرىنىڭ لاگېردىكى قىيىن-قىستاق، باسقۇنچىلىق ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك ئەھۋاللىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «خىتاي بىر چوڭ دۆلەت، بىز خىتايلارنى ياخشى كۆرىمىز.

ئەمما بىز ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا ئىرقىي قىرغىنچىلىق سادىر قىلىۋاتقان ھاكىمىيەتنىڭ تەشۋىقاتىنى قوبۇل قىلمايمىز.»

ياۋروپا ئۇيغۇر ئىنستىتۇتىنىڭ مەسئۇلى، ئۇزۇن يىللاردىن بىرى فرانسىيەدىكى ھەر ساھەدە ئۇيغۇرلارنى قوللاش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەپ كېلىۋاتقان پائالىيەتچىلەردىن دىلنۇر رەيھان خانىم بۈگۈن فرانسىيە پارلامېنتى ئالدىدا تۇرۇپ زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلدى، ئۇ فرانسىيە پارلامېنتى چىقارغان بۇ تارىخىي قارار ھەققىدە ئۆز تەسىراتىنى رادىيو ئاڭلىغۇچىلار بىلەن ئورتاقلاشتى.

ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «فرانسىيەنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيەمۇ بىزنى قوللىدى. بىز تولۇق غەلىبە قىلدۇق. ھۆكۈمەتنىڭ خىتايغا مۇناسىۋەتلىك ئالدىغان قارارلىرىغا ئەمدى تېخىمۇ قاتتىق بېسىم قىلالايمىز.»

سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ باياناتچىسى ۋە پارلامېنت ئەزاسى بورىس ۋاللاۋۇد رادىيومىزنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، مۇنداق دېدى: «فرانسىيە پارلامېنت ئەزالىرى بۈگۈن خىتاي كومپارتىيەسى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قىيىن-قىستاققا ئېلىش، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش، مەجبۇرىي ئەمگەك، ئىچكى ئورگان ئەتكەسچىلىكى، يەنە ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارىتا ئۆزىنىڭ مەيدانىنى ئىپادىلىدى. بۈگۈن ناھايىتى خۇشاللىنارلىق بىر كۈن بولدى. يەنى



ئىرقىي قىرغىنچىلىق قارارى 169 ئاۋاز بىلەن ماقۇللۇقتىن ئۆتتى. بۇ قارار فرانسىيەنىڭ قىممەت قارىشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ، ئادالەتنىڭ فرانسىيە خەلقىگە ۋە شۇنداقلا دۇنيادىكى بارلىق خەلقلەرگە تولىمۇ زۆرۈرلىگىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ بىر يولى بولدى. شۇڭا مەن بۇ قاراردىن بەك مەمنۇن بولدۇم. بۇ كۈرەش داۋاملىشىۋاتىدۇ. بىز ھەر پۇرسەتتە، خىتاي ھاكىمىيىتىگە ئەركىنلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ھەممە جايدا قوغدىلىشى كېرەكلىكىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەركىن ياشاش ھوقۇقى بارلىقىنى ئېيتىشىمىز كېرەك.»

مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي تەرەپ ئىزچىل ئۇيغۇرلارغا قاراتمىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ۋە ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى رەت قىلىپ كەلگەن. خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە لاگېر شاھىتلىرىنىڭ لاگېرلار ۋە ئۇ يەردىكى ۋەھشىيلىكلەر ھەققىدىكى گۇۋاھلىقلىرىنى يالغانغا چىقىرىشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن.

دىلنۇر رەيھان خانىم بۇنىڭدىن كېيىنكى پىلانلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتى. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىي ئىززەت-ھۆرمىتى بىلەن ئەركىن ياشىيالىشى ئۈچۈن ھەرقانداق قىيىنچىلىققا بويسۇنماي، داۋاملىق تىرىشىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.



دىلنۇر رەيھان خانىمنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ غەلىبە يىللاردىن بۇيان فرانسىيەدىكى ياشلارغا، ئاياللارغا، سەنئەت ساھەسىدىكىلەرگە ۋە فرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ ھەر ساھەدىكىلەرگە ئۇيغۇر مەسىلىسىنى تىنىمسىز تۇردە ئاڭلىتىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز ئىشلەپ بارغان تىرىشچانلىقلارنىڭ نەتىجىسى ئىكەن. يېقىندا ياۋروپا ئۇيغۇر ئىنستىتۇتى فرانسىيە سوتسىيال پارتىيەسى بىلەن بىرلىكتە فرانسىيە پارلامېنتىدا «‹ئىرقىي قىرغىنچىلىق› نى ئېتىراپ قىلىش قارار لايىھەسى» توغرىسىدا ئىككى قېتىم گۇۋاھلىق ئاڭلاش ۋە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزگەن. يىغىنغا لاگېر شاھىتلىرى ۋە بىر قىسىم ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى قاتناشقان.

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا بەس-بەستە ئىنكاس يېزىپ، فرانسىيە پارلامېنتىنىڭ بۇ تارىخىي قارارنى چىقارغانلىقى ئۈچۈن تەنتەنە قىلىشقان. ئۇلار خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتمىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقان «ئىرقىي قىرغىنچىلىقى» نىڭ غەربتىكى دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ بىرلىكتە ھەرىكەتكە ئۆتۈشى ئارقىلىق ئاخىرلىشىدىغانلىقىغا بولغان ئۈمىدىنى ئىپادىلەشكەن.

ئاخىرىدا دىلنۇر رەيھان خانىم مۇنداق دېدى: «ئادالەتسىزلىككە بويسۇنۇش ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىكتۇر. تىرىشساقلا جاھاندا قىلالمايدىغان ئىش يوق.»

نۇرئىمان

# فرانسىيەدە «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى» نى ئېتىراپ قىلىش بويىچە ئىككىنچى قېتىملىق گۇۋاھلىق ئاڭلاش يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن

17-يانۋار كۈنى ياۋروپا ئۇيغۇر ئىنستىتۇتى بىلەن فرانسىيە سوتسىيال پارتىيەسى بىرلىكتە فرانسىيە پارلامېنتىدا «ئىككىنچى قېتىملىق ‹ئىرقىي قىرغىنچىلىق› نى ئېتىراپ قىلىش قارار لايىھەسى» توغرىسىدا گۇۋاھلىق ئاڭلاش ۋە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن.

مەزكۇر يىغىنغا فرانسىيەدىكى بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرى، مۇخبىرلار ھەمدە فرانسىيەدە تۇرۇشلۇق لاگېر شاھىتلىرىدىن گۈلباھار جېلىلوۋا بىلەن گۈلباھار خېتىۋاجى، شۇنداقلا گوللاندىيەدە تۇرۇشلۇق لاگېر شاھىتلىرىدىن قەلبىنۇر




سىدىق بىلەن ئۆمەر بېكئالى قاتارلىق كۆپ ساندا كىشى قاتناشقان.

گۇۋاھلىق ئاڭلاش يىغىنى ناھايىتى قىزغىن شەكىلدە داۋاملاشقان بولۇپ، لاگېر شاھىتلىرى ئۆزلىرىنىڭ خىتاي جازا لاگېرلىرىدا كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى يىغىن ئەھلىگە ئاڭلىتىپ، ئۇلارنىڭ كۆچلۈك دىققىتىنى قوزغىغان. مۇخبىرلار بەس-بەستە سوئاللار سورىغان.

يىغىنغا يەنە فرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقى، فرانسىيە چىقىدىغان «دۇنيا گېزىتى»، فرانسىيە خەلقئارا رادىيوسى قاتارلىق تاراتقۇلارنىڭ مۇخبىرلىرى قاتناشقان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نېتفلىكس (NetFlix) فىلىم قانىلى، فرانسىيەدىكى ئۇيغۇرلارنى قوللاش گۇرۇپپىسى ۋە ئۇيغۇر مەسىلىسى بويىچە بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر تور ئارقىلىق ئىشتىراك قىلغان.

ئامېرىكىدىكى «كوممۇنىزم قۇربانلىرى فوندى جەمئىيىتى» نىڭ تەتقىقاتچىسى ئادرىيان زېنز ئەپەندىمۇ تور ئارقىلىق بۇ يىغىنغا قاتنىشىپ، ئۇيغۇرلار ھەققىدە دوكلات بەرگەن.

فرانسىيە سوتسىيال پارتىيەسىنىڭ رەئىسى ئولىۋىر فوغ ئەپەندى «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئېتىراپ قىلىش قارار لايىھەسى» ھەققىدە مۇخبىرلارغا چۈشەندۈرۈش بەرگەن. رادىيومىز زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان فرانسىيە ئۇيغۇر بىرلىكىدىن سۇبھى يارمۇھەممەت ئەپەندى، تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنزنىڭ بۇ يىغىندا ئۇيغۇرلار توغرىلىق بەرگەن دوكلاتىنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

لاگېر شاھىتى قەلبىنۇر سىدىق خانىممۇ زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ، فرانسىيە پارلامېنتىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ قېتىمقى گۇۋاھلىق ئاڭلاش ۋە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش پائالىيىتىنىڭ ئىنتايىن ئۈنۈملۈك بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇيغۇرئاي

## «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» خىتاي ھۆكۈمىتىنى بەكلا بىئارام قىلغان

ئەنگلىيەنىڭ لوندون شەھىرىدىكى مۇستەقىل ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى بىرنەچچە قېتىملىق گۇۋاھلىق سوتى ئېچىپ ئاخىرقى ھېسابتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى سوت ھۆكۈمىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن دۇنيا مىقياسىدا زور تەسىر قوزغىدى. ھەرقايسى ھۆكۈمەتلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ خىتاي ھەققىدىكى بىر قاتار سىياسەتلىرىنى مۇشۇ سوت ھۆكۈمىگە ئاساسەن قايتىدىن تەڭشىگەنلىكى مەلۇم.

خىتاي ھۆكۈمىتى باشقۇرۇشىدىكى «خەلق تورى» نىڭ 13-يانۋاردىكى خەۋىرىدە ئېيتىلىشىچە، خىتاينىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى (ب د ت) دا دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇ ھەقتە بايانات ئېلان قىلىپ مەزكۇر سوت كوللېگىيەسىنى قارىلاشقا ئۇرۇنغان. شۇنداقلا بۇ سوتنى «بۆلگۈنچى تەشكىلات بولغان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە بىر قىسىم دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئالدامچىلىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىش پائالىيىتى» دېگەن. ھالبۇكى ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ گۇۋاھلىق يىغىنىدا گۇۋاھلىق بەرگەنلەر غەرب دۇنياسىدىكى ئومۇم ئېتىراپ قىلغان مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار ۋە ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پروفېسسورلىرى، شۇنىڭدەك خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ لاگېر سىستېمىسىنى بىۋاستە باشتىن كەچۈرگەن شاھىتلار بولغان. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇشۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى «ئالدامچىلار» دەپ ئاتىغانلىقى ھەمدە ب د ت نىڭ باش شتابىدا بۇ ھەقتە بايانات ئېلان قىلغانلىقى نۆۋەتتە مەزكۇر سوتنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى قايسى دەرىجىدە ئېچىپ بەرگەنلىكىنىڭ بىر ئىسپاتى، دەپ قارالماقتىكەن.

مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ ئاخىرقى سوت ھۆكۈمى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تەشكىلاتلار ۋە پائالىيەتچىلەر سوت خادىملىرى بىلەن تۈرلۈك سۆھبەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ئۈچۈرلارنى تارقاتماقتىكەن. بۇنىڭ بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «بۇنداق ساختا سوت كوللېگىيەسىنىڭ كۆز بوياMچىلىقى ھامان مەغلۇپ بولىدۇ، ئۇ ھېچكىمنى قايمۇقتۇرالمايدۇ» دېگەن ھۆكۈمى بوشۇكىدىلا ئۇجۇقۇپ قالماقتىكەن.

ئەزىز

## БЕЙҖИҢ ҚИШЛИҚ ОЛИМПИК МУСАБИҚИСИНИ АШКАРА ҚОЛЛИҒАНЛАР ВӘ ҚАРШИ ТУРҒАНЛАР

Бейҗиң қишлиқ олимпик мусабиқисиниң башлинишиға дәл 10 күн вақит қалғанда, уни қоллиғучилар вә қарши турғучиларниң күрәшлири һелиһәм давам қилмақта. Шуниң билән биргә, «олимпик тарихидики қара дағ» яки «олимпикниң тарихий хаталиғи» дәп қариливатқан 2022-жиллиқ Бейҗиң қишлиқ олимпик мусабиқисиниң күчлүк зиддийәтләр арисида тарихтики һечқандақ бир мусабиқиға охшимайдиған начар



тәсир астида өткүзилидиғанлиғи илгири сүрүлмәктә.

Әхбарат васитилиридики учурлардин мәлум болушичә, дөләтләрниң 2022-жиллиқ Бейҗиң қишлиқ олимпик мусабиқисиға қарши туруши 3 хил усулда давам қилмақта. Буниң бири, ашкарә дипломатик бойкот. Иккинчиси, корона вабасини сәвәб қилиш. Үчинчиси, һәрхил баһанилар билән рәт қилиш. Буларниң һәммисидә дөләтләрниң ашкарә ипадилири мәвжут болуп, лекин һечқандақ ипадә билдүрмәй, 2022-жиллиқ Бейҗиң қишлиқ олимпик мусабиқисиға қатнашмайдиған дөләтләрниң сани һәммидинму көп болуши мумкин.

ВВС ниң 25-январь күнидә елан қилған «Бейҗиң қишлиқ олимпигини дипломатик бойкот қилған вә униңға қатнашмақчи болған дөләтләр қайсилар?» намлиқ хәвиригә асасланғанда, 2008-жили өткүзүлгән Бейҗиң олимпик мусабиқисиниң ечилиш яки йепилиш мурасимлириға әйни замандики Америка президенти Жорж Буш, Франция президенти Николя Саркози, Австралия баш министри Кәвин Руд, Япония баш министри Ясуо Фукуда, Әнгилия баш министри Гордон Бровин қатарлиқлар қатнашқан. Бирақ, бу қетим жуқурики дөләтләрниң һечбириниң дөләт рәһбәрлири 2022-жиллиқ Бейҗиң қишлиқ олимпик мусабиқисиниң ечилиш яки йепилиш мурасимиға қатнашмайдикән.

2022-жиллиқ Бейҗиң қишлиқ олимпик мусабиқисини ашкарә дипломатик бойкот қилған дөләтләр Америка, Әнгилия, Австралия, Канада, Дания вә Литва болған. Литва президенти Гитанас Наусэда 2021-жили 12-айниң 3-күни тунҗи болуп, Бейҗиң олимпик мусабиқисиға дөләт рәһбәрлирини әвәтмәйдиғанлиғини жақарлиғандин кейин, 2021-жили 12-айниң 6-күни Американиң Ақсарай баянатчиси Җен Псаки дөләт намидин рәсмий дипломатик бойкот елан қилған.

Коронавирус вабасини сәвәб қилип Бейҗиң олимпик мусабиқисиға қатнашмайдиғанлиғини билдүргән дөләтләр Австрия, Бельгия, Голландия, Йеңи Зеландия, Латвия вә Швеция болған. Башқа сәвәбләр билән қатнашмайдиғанлиғини билдүргән дөләтләр Исландия вә Япония болған.

У һалда, һазирға қәдәр 2022-жиллиқ Бейҗиң қишлиқ олимпик мусабиқисини ашкара қоллиғанлар кимләр?

Булар БДТ баш кативи Антонио Гутьеррес, Русия президенти Владимир Путин, Польша президенти Анджей Дуда, Аргентина президенти Альберто Фернандес, Қазақстан президенти Қасим Тоқаев, Пакистан баш министри Имран Хан, Чехия президенти Милош Земан қатарлиқлардин ибарәт болған.

Чехия уйғур иркий қирғинчилиғини етирап қилған дөләт болсиму, әмма президент Милош Земан «олимпикни сәясийлаштурушқа қарши» шәхс болғач, бу мусабиқиға қатнишидиғанлиғини билдүргән. Шималий Кореяму 2022-жиллиқ Бейҗиң қишлиқ олимпик мусабиқисини қоллайдиғанлиғини билдүргән, бирақ, у «дүшмән күчләрниң сүйиқәстидин сақлиниш үчүн» мусабиқигә қатнишалмайдиғанлиғини ипадә қилған.

Уйғур сәясий затлиридин Әркин Алптекин әпәндиниң баян қилишичә, нурғун дөләтләр иқтисадий җәһәттин Хитайға бекинди һаләткә чүшүп қалған болғач, 2022-жиллиқ Бейҗиң қишлиқ олимпик мусабиқисини ашкарә бойкот қилишқа петиналмайватқан болуп, БДТ баш кативи Антонио Гутьерресниң Бейҗиңға бериш қарарини елишиму, Хитайниң БДТ ға бериватқан ярдәм пули сәвәблик болуши мумкин. Норвегиядики лагерь мутәхәссиси Бәхтияр Өмәр әпәндиму бу һәқтә қарашлирини оттуриға қоюп өтти.

Хәвәрдә тәкитлинишичә, йәнә нурғунлиған дөләтләрниң 2022-жиллиқ Бейҗиң қишлиқ олимпик мусабиқисиға қатнишидиған-қатнашмайдиғанлиғи мәлум әмәскән. Мәсилән, Германияниң дөләт рәһбәрлириниң бармайдиғанлиғи ениқ болсиму, әмма һазирғичә баш министрниң ениқ бир ипадиси йоққән. Франциядиму дөләт рәһбәрлирини әвәтмәслик тәшәббуси күчлүк болсиму, бирақ, президент Макрон «дипломатик бойкотниң әмәлий бир үнүми йоқ» дегән қараштикән. Йәнә көплигән Европа дөләтлири болса сүкүт ичидә турмақтә.

«Бейҗиң қишлиқ олимпигини дипломатик бойкот қилған вә униңға қатнашмақчи болған дөләтләр қайсилар?» намлиқ хәвириниң илгири сүришичә, мәйли дипломатик бойкот қилғанлар, корона вабасини баһанә қилғанлар яки түрлүк сәвәбләрни көрситип рәт қилғанлар болсун, 2022-жиллиқ Бейҗиң қишлиқ олимпик мусабиқисиға қарши турғанларниң һәммиси уйғур иркий қирғинчилиғини нәзәрдә тутқан вә хитай тәһдитигә қарши турушни диққәткә алған дөләтләрдин ибарәт.

*Әкрәм*

## «УЙҒУР СОТ КОЛЛЕГИЯСИНИҢ ҺӨКҮМИ ТОҒРИСИДА» СӨҺБӘТ ЖИҒИНИҒА ХИТАЙ ҚАТТИҚ НАРАЗИЛИҚ БИЛДҮРДИ

12-январь күни көплигән ғәрб дөләтлириниң дипломатлири вә БДТ да турушлуқ вәкиллириниң иштиракида «Уйғур сот коллегиясиниң һөкүми тоғрисида» намлиқ бир тор сөһбәт жиғини уюштурулған болуп, Хитайниң БДТ дики вәкиллири буниңға қаттиқ наразилиқ билдүргән.

13-январь күни «Шинхуа агентлиғи» ни өз ичигә алған Хитайниң



асаслиқ әхбарат васитилириниң һәммиси Хитайниң БДТ да турушлуқ даимий вәкилләр өмигиниң «Уйғур сот коллегиясиниң һөкүми тоғрисида» намлиқ сөһбәт жиғиниға карита, 12-январь күнидә елан қилған баянатини кәң тарқатти.

«Җунгониң БДТда даимий турушлуқ вәкилләр өмиги: Шинҗаңни қалаймиқан қилишқа, Җунгони карилашқа урунған һәрқандақ адәм мәғлубийәткә мәһкум» дегәндәк мавзулар билән елан қилинған бу баянатниң әсли нусхисиниң муқәддимисидә «Шинҗаңни қалаймиқан қилишқа, Җунгони карилашқа урунған һәрқандақ дөләт, һәрқандақ күч, һәрқандақ шәхс мәғлубийәткә мәһкумдур» дейилгән еди.

Хитайниң БДТ да даимий турушлуқ вәкилләр өмигиниң баянатида мундақ дежилиду: «Аталмиш ‹уйғур алаһидә соти’ сепи өзидин Җунгоға қарши бөлгүнчи тәшкилат болған Дуния уйғур қурултейиниң Америка, ғәрбтики Җунгоға қарши күчләрниң контроллуғи вә ярдими астида, бир бөлүк Җунгоға қарши унсурләрни жиғивелип игва тарқитидиған, алдамчилиқ қилидиған сәясий қуралидур. Бу аталмиш сотниң һечқандақ қануний салаһийити йоқ, шундақла у һечқандақ аммивий ишәнчкиму егә әмәс. У очуқ ашкарә пул хәшләп алдамчиларни сетивелип, ялғанни сетивелип, ялған гуваһлиқ бәргүзидиған бир оюн. Сот вә униң аталмиш һөкүми пәқәтла Җунгоға қарши күчләрниң өзи режиссерлуқ қилип, өзи рол елип чиққан бир мәйдан драмисидин ибарәт. Бу қанун вә һәқиқәткә қилинған пәскәшләрчә һақарәттур, алданмиған һәрқандақ адәмни қаймуқтуралмайду. Буларниң һәммиси БДТ билән һечқандақ алақиси йоқ, бәлки БДТ вә униңға әза барлиқ дөләтләрниң җәзмән қарши туруши вә бойкот қилишиға учруши лазим».

Хитай даирилирини бу қәдәр беарам қилған «Уйғур сот коллегиясиниң һөкүми тоғрисида» намлиқ бу сөһбәт жиғини, әслидә көплигән хәлиқаралиқ тәшкилатларниң һәмкарлиғи астида 12-январь күни тор арқилиқ өткүзүлгән болуп, жиғинға 28 дөләтләрниң парламент әзалири вә нурғунлиған дөләтләрниң БДТ дики вәкиллири қатнашқан.

Мәзкур жиғинға иштирак қилған вә жиғинда сөзгә тәклип қилинған ДУҚ рәиси Долқун Әйса әпәнди бу һәқтә бизни бәзи мәлуматлар билән тәминлиди. Униң билдүрүшичә, жиғинда «Уйғур сот коллегияси» ниң баш сотчиси Жеффри Найс әпәнди мәзкур сотниң қурулуши тоғрисида чүшәнчә бәргән вә һәркайси дөләтләрниң дипломатлириниң сот һәм униң һөкүмигә даир соаллириға җаваб берип өткән.

Долқун Әйса әпәндиниң баян қилишичә, жиғинда сөз алған һәркайси дөләтләрниң вәкиллири «Уйғур сот коллегияси» ниң һөкүмигә жуқири баһа бәргән вә бу һөкүмни һәркайси дөләтләрдә тәдбиқләшниң зөрүрлүгини илгири сүрүшкән. Долқун Әйса әпәнди жиғинниң йепилиш мурасимида сөзгә тәклип қилинғанда, «Уйғур сот коллегияси» гә иштирак қилған барлиқ кишиләргә тәкрар рәхмитини билдүргән һәмдә униң һөкүминиң барлиқ дөләтләрдә әмәлийлишишини үмүт қилидиғанлиғини ипадә қилған.

Мәлум болғинидәк, «Уйғур сот коллегияси» ниң тунҗи қетимлиқ испат аңлаш жиғини 2021-жили 6-айниң 4-күнидин 7-күнигичә, иккинчи қетимлиқ испат аңлаш жиғини 9-айниң 10-күнидин 13-күнигичә, үчинчи қетимлиқ испат аңлаш жиғини 11-айниң 27-күни өткүзүлгән болуп, бу 3 қетимлиқ испат аңлаш жиғинидин кейин «Уйғур сот коллегияси» 12-айниң, 9-күни Хитайниң уйғурлар үстидин жүргүзүватқан зулумлириға карита «иркий қирғинчилиқ» һөкүмини чиқарған еди. ДУҚ хадимлириниң билдүрүшичә, бу үч қетимлиқ испат аңлаш жиғинида 70 тин артуқ гуваһчи гуваһлиқ бәргән, 30 дин артуқ тәтқиқатчи 10 миң саатин артуқ вақит сәрп қилип, 500 дин артуқ шаһидлар 10 миң бәттин артуқ язма баянлирини тәрҗимә вә тәтқиқ қилип сотқа тапшурған.

«Уйғур сот коллегияси» ниң «иркий қирғинчилиқ» һөкүминиң Хитайниң пешанисиға бесилған бир қара тамға екәнлигини тәкитлигән ДУҚ рәиси Долқун Әйса әпәнди сөзиниң ахирида, бу һөкүмниң тәсири хәлиқарада күнсери күчийиватқанлиғини әскәртип, Хитайниң бу һөкүмдин немә үчүн чөчүп, типирлап, олтуралмай келишидики бәзи конкретлиқ сәвәбләрни тилға елип өтти.

*Әкрәм*




7 ـ يانۋار شەنبە كۈنى چاقىرىلغان 7 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا 2022 ـ يىلى خەلقئارا سەھنىلەردە ئېلىپ بېرىلىدىغان كونكرېتنى پائالىيەتلەر ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى ۋە بۇ ھەقتە قۇرۇلتاي تەركىبىدىكى ھەرقايسى قېرىنداش تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرى ئېلىندى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي خىزمەتلىرىگە مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى پەرھات يورۇڭقاش ئەپەندىمنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۆتكۈزۈلگەن ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىستىقلال مارشى بىلەن باشلانغان بۇ نۆۋەتلىك يىغىنغا قۇرۇلتاي رەھبەرلىك ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى ۋە قۇرۇلتاي تەركىبىدىكى ھەرقايسى قېرىنداش تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ 70 نەپەردىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

قۇرۇلتاينىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندىم يىغىندا قىلغان ئېچىلىش سۆزىدە 2022 ـ يىلىنىڭ مىللىي ھەرىكىتىمىز ئۈچۈن ھالقىلىق بىر يىل ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى:

بۇ نۆۋەتلىك يىغىن قېرىنداش تەشكىلاتلىرىمىز ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئېلىش ئاساسى مەزمۇن قىلىنغان بولۇپ، يىغىندا سۆز قىلغان قىرغىزىستان ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنىڭ جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەكبەرجان باۋۇدۇن، كانادا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ رەئىسى تۇيغۇن ئابدۇۋەلى، ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى روشەن ئابباس، ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قۇززات ئالتاي، ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مەمەت ئوبۇل، ۋىكتورىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئالىم ئوسمان، ئاۋستىرالىيە تەغرىتاغ ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى راملە جانشىۋا، ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇكەرىم ئابدۇراھمان، تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەخپىنىڭ رەئىسى دوكتۇر مۇھتتىنغان جانئۇيغۇر، بېلگىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇللام ئىمرووۋ، شۋېتسارىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئەندىلى قاراھانلى، گېرمانىيە مائارىپ ۋە مەدەنىيەت بىرلىكىنىڭ رەئىسى ھەلىمە ئابدۇكەرىم قاتارلىقلار ئۆز تەشكىلاتلىرىنىڭ 2022 ـ يىلى ئېلىپ بارىدىغان پائالىيەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە يەنە، نۆۋەتتە مىللىي ھەرىكىتىمىز دۇچ كېلىۋاتقان خىرىسلار ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەتلىرىگە بولغان بەزى پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئىزھار قىلىشتى.

قۇرۇلتاي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئۆمەر قانات ئەپەندىم يىغىندا قىلغان سۆزىدە، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر زامان خەلقىمىزنىڭ ۋە قېرىنداش تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ قۇرۇلتايغا بەرگەن سەممىي تەكلىپ ـ پىكىر ۋە تەنقىتلىرىگە ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىپ كەلگەنلىكىنى، ئامما غەرەزلىك ھالدا قۇرۇلتاينى پارچىلاش، بۆلۈش ۋە قۇرۇلتاينىڭ خەلقىمىز ئىچىدىكى ئوبرازىنى قەستەن خۇنۇكلەشتۈرۈش مەقسىدىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بەزى قىلمىشلارغا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئەسلا سۈكۈت قىلىپ تۇرمايدىغانلىقىنى ۋە بۇخىل ھەرىكەتلەرگە قارىتا قۇرۇلتاينىڭ تېگىشلىك ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتتى.

ئەسلىدە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنلىرى ھەر يارىم يىلدا بىر قېتىم بەلگىلىك دۆلەتلەردە يۈزتۇرانە ھالدا ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىنگەن ئىدى، ئەپسۇسكى كورونا ۋاباسى تۈپەيلىدىن بۇ نۆۋەتلىك يىغىن تور ئارقىلىق ئۆتكۈزۈلدى.




دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ما'ئارىپ كومىتېتى بىلەن ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى ئانا تىل كومىتېتىنىڭ ھەمكارلىقىدا 8 ـ يانۋار شەنبە كۈنى ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى ۋەخپى ئىشخانىسىدا باشلانغان ۋە ئىككى كۈن داۋام قىلغان ئۇيغۇر ئانا تىل ئوقۇتۇشى ۋە دەرسلىك كىتاب ھەققىدىكى مۇزاكىرە يىغىنى مۇۋاپپەقىيەتلىك ئاياقلاشتى.

مەزكۇر مۇھاكىمە يىغىنىغا ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلاردىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى پىروفېسسور ئالىمجان ئىنايەت، قۇرۇلتاي مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇدىرى دوتسېنت دىلنۇر قاسىموۋا، دوتسېنت راھىلە قەشقىرى ۋە دوكتور مەغپىرەت كامال قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئانا تىل ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ياش زىيالىيلار بولۇپ 20 گە يېقىن مۇتەخەسسىس قاتناشتى.

ئىككى كۈنلۈك مۇزاكىرە يىغىنىنىڭ 1 ـ كۈنىدە ئاساسلىقى مۇھاجىرەتتە ئانا تىل ئوقۇتۇشى ۋە دەرسلىك كىتابلاردا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر، ئانا تىل ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋە ئانا تىل ئوقۇتقۇچىسى تەربىيەلەشنىڭ زۆرۈرلۈكى، يۈز تۇرانە ما'ئارىپ ۋە تور ئوقۇتۇشنى تەڭشەش ۋە مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئانا تىل ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ ئۆلچەملىك دەرسلىك كىتاب تۈزۈش ھەققىدە مۇزاكىرىلەر بولدى.

يىغىنىنىڭ 2 ـ كۈنىدە ئاساسلىقى كۈن بويى ئۇيغۇر ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئۆلچەملىك ئانا تىل دەرس كىتابلىرىنى قايسى ئۆلچەمگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ تۈزۈش ھەققىدە مۇزاكىرىلەر بولدى. يىغىندا ۋەتەندە يالقۇن روزى قاتارلىق ئۇيغۇر مائارىپچى ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ تۈزگەن دەرس كىتابلىرىنى چەتئەل مائارىپىغا ماسلاشتۇرۇش، خىتاينىڭ كوممۇنىست ئىدىيەلىرىنى كىتابلاردىن چىقىرىپ تاشلاش، ئۇيغۇر مىللىي روھى ۋە دىنىي ئېتىقادىنى دەرس كىتابلىرىغا كىرگۈزۈش ھەققىدە تەكلىپ ـ پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يىغىندا يەنە دەرس كىتابى تۈزۈش پىروجېكت گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، بۇ گۇرۇپپىنىڭ خىزمەتلىرى ئۈچۈن بەلگىلىك مالىيە ئاجرىتىلىشى كېرەكلىكى، بۇنى ئۇيغۇر ۋە چەتئەل تەشكىلاتلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇش قارارى ئېلىندى. ئۇيغۇر مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئانا تىل ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ياش زىيالىيلار ئارىسىدا دەرس كىتابى تۈزۈش پىروجېكت گۇرۇپپىسى ئۈچۈن خىزمەت تەقسىماتى بەلگىلەندى.




ياۋراپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەرىپىدىن ئۆتكەن يىلى 5 ـ ئايدىن باشلاپ ھەر ھەپتە ئاخىرى گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھرىدىكى ئاساسلىق مەيدانلاردا «2022 ـ يىللىق بېيجىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئولىمپىكىنى بايقۇت قىلايلى» دېگەن شوئار ئاستىدا ئىزچىل تۈردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان نارازىلىق نامايىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بۈيىل 9 ـ يانۋار شەنبە كۈنى مىيونخېن شەھرىدىكى مەشھۇر ساياھەت نۇقتىلىرىنىڭ بىرى بولغان مەريەم ئانا مەيدانىدا مۇۋاپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆتكۈزۈلدى.

ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ رەئىسى ئەسقەرجان ئەپەندىمنىڭ بىۋاستە رىياسەتچىلىكىدە يارىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان نامايىشلار جەريانىدا گەرمانىيە خەلقىغە ۋە گېرمانىيە مەتبۇئاتلىرىغا مۇستەبىت خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان يەرلىك خەلقلەرگە يۈرگۈزىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تەسىس قىلغان جازا لاگېرلىرى، ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزىۋاتقان مەجبۇرى ئەمگەك تۈزۈمى، مەجبۇرى دىنسىزلاشتۇرۇش، نەسلىنى قۇرۇتۇش، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىنى يوقۇتۇش، مىللىي مائارىپىنى ۋەيران قىلىش، مەجبۇرى خىتايلاشتۇرۇشتەك جىنايى قىلمىشلىرى پاش قىلىندى ۋە گېرمانىيە ھۆكۈمىتىدىن 2022 ـ يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىنى دىپلوماتىك بايقۇت قىلىش، گېرمانىيە شىركەتلىرىدىن 2022 ـ يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىگە سپونسور بولماسلىق ۋە ئۇيغۇر مەجبۇرى ئەمگىكىگە شېرىك بولماسلىق تەلەپ قىلىندى.

يۇقارقى نامايىشلار گېرمانىيە مەتبۇئاتلىرىنىڭمۇ كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغىدى ۋە نامايىش ھەققىدىكى خەۋەرلەر گېرمانىيەنىڭ كۆپلىگەن مەتبۇئاتلىرى تەرىپىدىنمۇ كەڭ دائىرىدە خەۋەر قىلىندى.

ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ رەئىسى ئەسقەرجان ئەپەندىم بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قىلغان سۆزىدە، يېرىم يىلدىن كۆپرەك داۋام قىلغان يۇقارقى نامايىشلار ئارقىلىق زور ئۈنۈمگە ئېرىشكەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكى باشلىنىدىغان 2022 ـ يىلى، 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە گېرمانىيەدىكى باشقا ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرلىكتە مىيونخېن شەھرىدە زور كۆلەملىك يۈرۈش ۋە نامايىش ئۆتكۈزۈشكە جىددى ھازىرلىنىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى.

# ПОЭТ ЕСТЬ МИР, ОДНИМ ОБЪЯТЫЙ ЧЕЛОВЕКОМ

Данной заметкой, озаглавленной словами Виктора Гюго, мы начинаем цикл публикаций, посвященных одному из основателей современной уйгурской литературы – Лутфулле Муталлипу. Это объясняется символизмом и актуальностью содержания его творчества и тем, что в этом году Поэту исполняется 100 лет.

Поэт Л. Муталлип – это яркая и очень харизматичная фигура Восточного Туркестана 30-40-х годов двадцатого столетия. Его называют «светочем эпохи» – чистым и незапятнанным символом идеала национальной и общечеловеческой свободы. О нем написаны многочисленные статьи, романы, драмы и пьесы. Его очень короткую и блистательную жизнь обычно сравнивают с яркой молнией, блеснувшей и исчезнувшей на небосклоне. В этом скрыт смысл неповторимости яркого таланта поэта, прожившего очень короткую жизнь, - ведь, как гласит тюркская пословица, одна молния дважды не сверкает. Личность необычайно притягательная и популярная, Л. Муталлип, по словам ученых-литературоведов, «превратился в самого любимого народного поэта». Эта мысль запечатлена и удачно воплощена в его бюсте, воздвигнутом ы 1999 году в селе Большое Аксу, в котором будущий поэт родился в 1922 году. Колоритный и неповторимый образ исключительно талантливого поэта-трибуна и певца свободы как высшая дань его памяти запечатлен и, будучи живым, постоянно воссоздается во вновь и вновь создаваемых народных песнях о всенародно любимом поэте (qedirdan shair). Очевидно, это самый дорогой памятник человеческой личности, искренний и незабвенный. Одновременно это своего рода продолжение творческой жизни самого поэта.

Последние стихи о свободе были написаны мастером художественного слова кровью на стенах тюрьмы, что не может не тронуть сердце любого человека и в те дни, и в наше время:

Бу кәң дунйа мән үчүн болди
дәвзәх,
Яш гүлүмни ғазаң қилди қанхор
әблəх.

Этот мир для меня стал как-
будто бы ад,
Нераскрывшись цветок мой
кровопийцей распят.

Прожив стремительную и очень яркую, словно отблеск молнии, необычайно насыщенную жизнь, Л. Муталлип оставил многогранное наследие, достойное литератора-классика. Это и поэзия, и драматургия, и проза, и публицистика, и литературоведение … Произведения поэта – пример художественного воплощения концепта свободы. Ослепительно озарив своей яркой жизнью и творчеством реалии современной ему эпохи, поэт стал одним из ярких представителей новейшей тюркоязычной литературы. Плоть от плоти сын своего народа, он был схвачен и брошен в тюремные застенки гоминдановскими реакционерами во время не простых политических события, когда на земле Восточного Туркестана сошлись интересы нескольких крупных государств, сошлись представления и образы разных идеологических систем..

Отказавшись от реально возможного побега, организованного соратниками, поэт, поднявшись выше интересов спасения собственной жизни и желая оказать морально-политическое содействие уже набиравшему силу освободительному движению многонационального народа Восточного Туркестана, продолжал свою борьбу за свободу, находясь в застенках в нечеловеческих условиях.

Как сказал Махатма Ганди, «поэт - это тот, у кого есть сила пробудить добро, сокрытое в человеческой груди». Многие произведения Л. Муталлипа превратились в песни. Помимо этого мы знаем и много песен о самом Л. Муталлипе.



Эти песни, как правило, отличаются тем, что приобретают черты народных песен. Здесь просматривается среда функционирования концепта свободы, являющегося ключевым для творчества талантливого мастера художественного слова. В этом не трудно убедиться, если обратиться к самим песням - голосу народа. В одной из песен о Л. Муталлипе в исполнении известного казахстанского композитора и певца М. Норузова в качестве заключительного аккорда находим следующие слова:

Җүригиңни тонуғачқа әл,
Сап муһәббити тилға елинди.
Поскольку познал народ твое сердце,
Свою чистую любовь выразил на языке.

Слова из одного из стихотворений Л. Муталлипа о том, что творчество длится дольше веков (Ijat yillarni qeritidu) давно превратились в афоризм. Если посмотреть, по каким линиям творчество поэта возрождается в коллективном творчестве людей, то можно увидеть примеры переклички или параллелизма с творчеством поэта. Это происходит тогда, когда в тексте песен о поэте делаются прямые ссылки и намеки на тематику и содержание его произведений. Например, в припеве одной из песен о пламенном трибуне, говорится буквально следующее:

Һеч қандақ шаир мошу
кәмгичә
Жилларға жавап
берәлмигәнтти.
Никакой поэт доселе
Не мог дать ответ годам-времени.

*В этом году исполняется 100 лет со дня рождения Поэта.* Эта дата дает повод для многих размышлений. Судьба трибуна – пример того, как мастер художественного слова достойно написал свою главную песню, из которой невозможно что-либо убрать или добавить. Название этой песни «жизнь». Сегодня с высоты времени Поэт все больше воспринимается как выразитель общечеловеческих и непреходящих благородных идеалов свободы.

**Сайфулла Абдуллаев,**
*доктор филологических наук, профессор*

## Лутфулле Муталлип

### Нет, мы, друзья, не дрогнем!

Нет, мы, друзья, не дрогнем,
ведь нас ведут вперед
Высокие идеи — в борьбе за
наш народ.

Чтоб за его свободу сражаться
до конца,
Сожмем мы крепче руки и закалим сердца.

Как садовод завянуть не даст
цветам своим,
Росткам свободы нашей зачахнуть не дадим!
Моя мечта — ребенок, что на
рассвет глядит,
Моя мечта — ребенок, что тянется к груди,

К отраде материнской, и я гляжу
вперед
И вижу день грядущий, свободный мой народ!

Нет! Мы не будем в кужах барахтаться, слепы,
Ведь нашим душам нужен лишь
океан борьбы!

*1945 г., Аксу.*

### Пламя любви

С любовью шутки плохи,
Нету хуже,
Она нещадно —
Вечно, без конца —
Сжигает... нет, обугливает души,
Испепелив влюбленные сердца.

Ведь это все
Не вымысел поэта:
Как двух влюбленных
Опалил огнем
Костер любви —
Пел Навои про это,
Ширин с Фархадом и сгорели в
нем!

Как изнывал Меджнун
В тоске по Лейли,
Как мир жестокий
Гнал их и томил.
Они заветной не достигли цели
И прокляли несправедливый мир!

Они, как луч,
Из тьмы веков сияли,
Они с бесправьем
Спорили глухим...
Они сгорели, они жертвой пали...
Но будущее будет не таким!

*1944 г., Аксу.*

# بىر يىغىندىن ئالغان تەسرات

قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ "ئىتتىپاق" جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئالاھىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان، ئاقساقاللار كېڭىشىنىڭ رەئىسىنى سايلاش توغرىسىدىكى ئۇمۇمىي يىغىن، يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ ۋە مەھەللە يىگىت باشلىرىنىڭ پائال قاتنىشىشى بىلەن 11-دېكابىر ئالامېدىن1-«بېسپېدكىدا» ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن جەريانىدا بولغان قىزغىن بەس مۇنازىرە ئارقىلىق ئالتېرناتىۋ ئاساسىدا ئاقساقاللار كېڭىشىنىڭ رەئىسى سايلىنىپ چىقتى. لېكىن مەن كۆتەرمەكچى بولۇۋاتقان مەسىلە بۇ ئەمەس. چۈنكى، مېنىڭ دىققىتىمنى چەككەن نەرسە، يىغىننىڭ ئاخىرىدا «ئىتتىپاق» گېزىتىگە مۇشتىرى توپلاش مەسىلىسى كۆتۈرۈلۈپ، بەزى يىگىت باشلىرىنىڭ-بەزى ئادەملەرنىڭ "ئىتتىپاق" شۇ جۈملىدىن "ئىتتىپاق" گېزىتى بىزگە نېمە قىلىپ بەردى؟، " بىز ھەممە نەرسىنى ئىنتېرنېتتىن كۆرۈپ ئوقۇۋالىمىز" دەپ گېزىتكە يېزىلىشتىن باش تارتىدىغانلىغىنى مىسال كەلتۈرۈپ، گېزىتكە مۇشتىرى توپلاش ئىشىنىڭ قىيىن بولۇۋاتقانلىغىنى مۇنازىرىگە قويغانلىغى بولدى.

ھەقىقەتەن، مۇنداق گەپلەرنىڭ بەزى بىر ئادەملەر تەرىپىدىن ئېيتىلىپ، گېزىتكە مۇشتىرى توپلاش ئىشىنى قىيىنلاشتۇرىۋاتقانلىغى راست. لېكىن، مۇنداق كۆرۈنۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان شۇ ئادەملەر ھەقىقەتەن مەسىلىنى چۈشەنمەي دەۋاتامدۇ بۇ گەپلەرنى، يە بىر يىلدا، بىر قېتىم، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر گېزىتىگە يېزىلىدىغان 400 سومدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئېيتىۋاتقان بولۇمىسىز گەپلىرىمۇ بۇ؟ يە بىزنىڭ ئاڭ سەۋيەمىز شۇ قەدەر تۆۋەنلەپ، بىپەرۋالىق پاتقىغىغا شۇ دەرىجىدە چۆكۈپ قالدىقمۇ؟ ھەيران مەن.

مەلۇم بولغىنىدەك، "ئىتتىپاق" جەمئىيىتى بۇ خەير-ساخاۋەت فوندى ئەمەس، قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بېشىنى قوشۇپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋىي مىللىي مەدەنىيىتىنى رىۋاجلاندۇرۇش بىلەن كىملىگىنى ساقلاپ قېلىشقا، ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىشقا قارىتىلغان، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان، ھۆكۈمەت بىلەن خەلقنى بىر-بىرىگە باغلاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئىجتىمائىي-جەمئىيەتتۇر. "ئىتتىپاق"نى خەلق قانچىلىك قوللىسا، " ئىتتىپاق " شۇنچىلىك كۈچلۈك بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا خەلق تۇرىدۇ. " ئىتتىپاق" كۈچلۈك بولسا، خەلقمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، خەلققە بولغان ئېھتىرام ھۆرمەتمۇ شۇ دەرىجىدە ئۈستۈن بولىدۇ. ئۆملۈك، بىرلىك بار يەردە قۇۋۋەت بار!

بولۇپمۇ، ئۇيغۇر خەلقىگە ئوخشاش ئۆز دۆلىتىدىن، تارىخىي ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، باشقا يۇرتلاردا ياشاۋاتقان خەلق ئۈچۈن، مۇنداق بىر تەشكىلىي ئورگاننىڭ بولۇشى ھاۋا بىلەن سۇدەك لازىمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەشكىللىكنىڭ ئەھمىيىتىنى ئۆز قەدرىنى بىلگەن ھەر قانداق خەلق ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ تەشكىلىي مەھكەملىرىنى، ئۆز دىيارىدا بولسا، دۆلەتلىرىنى تىكلەپ تەشكىلىي ياشاشقا تىرىشىدۇ ۋە ئۇ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى، ھېچ قانداق قىيىنچىلىقلارغا پەرۋا قىلماي روياپقا چىقىرىدۇ. چۈنكى باش-پاناسىز قالغان خەلق، چېچىلاڭغۇ ھايات نەتىجىسىدە ھەر تەرەپتىن سوقۇلۇپ نەتىجىدە مۇنقەرىزلىككە يۈزلىنىدۇ. مۇنداق چېچىلاڭغۇلۇقلارنىڭ قانداق پاجىئەلەرگە ئېلىپ كېلىدىغانلىغىنى بىز ئۇيغۇر خەلقى كېيىنكى موشۇ بىر-ئىككى يۈز يىل ئىچىدىكى ئۆز تارىخىمىزدىن كۆرمىدىقمۇ؟!

XX-ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن مۇستەملىكە ئاستىدا ياشاۋاتقان بارلىق خەلقلەر دېگىدەك ئۆز زىمىنى تەۋەسىدە تەشكىللىنىپ، ھەر خىل جەمئىيەت، پارتىيەلەرنى قۇرۇپ، ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن تەشكىلىي ھەرىكەت باشلىغاندا، ئەشۇنداقلا مۇستەملىكە زەنجىرىگە باغلانغان، ئۆز دۆلەتلىرىمىزدىن ئايرىلغان بىز ئۇيغۇرلار، ئانا ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرىيە-ئۇيغۇرىستاندا، ئىچكى، تاشقى ۋەزىيەتنى، دەۋر سەياسىتىنى، شامالنىڭ قاياقتىن چىقىپ، قاياققا ئۇرۇۋاتقانلىغىنى ئانالىز قىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغىدەك، ئەشۇنداق تەشكىللەنگەن ئۆزىمىزنىڭ بىر مىللىي رەھبىرى ئورگانىنى، تىكلەلمىگەنلىگىمىزنىڭ سەۋەبىدىن، كەلگىندىلەر ناھايىتى ئوڭايلىق بىلەن، گېزىت، ژۇرنال دېگەننىڭ نېمە ئېكەنلىگى ئەسلا بىلمىگەن، ئوقۇمىغان، جاھالەت پاتقىغىغا پېتىپ قالغان ئاۋام خەلقىمىزنىڭ ساۋاتسىزلىغىدىن، نادانلىغىدىن پايدىلىنىپ ئارىمىزدىكى بەغەرەز، خوشامەتچى، ساتقۇنلارنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق، بىزنىڭ ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز باشقۇرۇش ھوقۇقىمىزنى ئەشۇ كەلگىندىلەر ئۆز قولىغا ئېلىۋالمىدىمۇ؟!

نەتىجىدە ،مانا بۈگۈن، پۈتۈن تارىخىي مەۋجۇتلىغىمىزنى ۋەيران قىلغاندىن تاشقىرى ئائىلىلىرىمىزگە بېشىنى تىقىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق سەياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ئىنسانىي قەدىر-قىممىتىمىزنى دەپسەندە قىلىۋاتىدۇ. چىداۋاتىمىز، ئامال قانچە. شۇنىڭ ئۈچۈن "ئىتتىپاق" بىزگە نېمە قىلىپ بەردى؟" دېگەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆز ئەۋلاتلىرىنىڭ كېلەچىگىنى ئويلىغان ھالدا، موشۇ گەپلىرىنى ئالدى بىلەن ۋىژدان تارازىسىغا سېلىپ كۆرۈپ، "ئىتتىپاق" بىزگە نېمە قىلىپ بەردى؟" دېگەننىڭ ئورنىغا، "مەن "ئىتتىپاققا" نېمە قىلىپ بەردىم" دېگەن ئويغا كېلىشلىرىنى ئۈمۈت قىلغان بولار ئېدۇق. ئامېرىكا باشلىق غەرىپ دۆلەتلىرىنىڭ، جاپاكەش، ئاق كۆڭۈل خەلقىمىزنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە يۆلەنگەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بۈگۈنكى كۈنلۈكتە دولقۇن ئەيسا، پەرھات يۇرۇنقاش، ئۆمەر قانات ۋە ئەشۇ سەپتىكى باشقا قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خەلقىمىزنى ئەشۇ زۇلۇملاردىن قۇتۇلدۇرۇپ، ۋەتەن ئىستىقلالىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز، تىرىشچانلىق بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان، تىنىمسىز ئەمگەكلىرى نەتىجىسىدە، خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ خەلقىمىزگە سېلىۋاتقان ھاقارەت، مىسلى كۆرۈلمىگەن زۇلۇملىرى ئاخىرى پاش بولۇپ، ئۇيغۇر دېگەن نام بۈگۈنكى كۈنلۈكتە دۇنيا جامائەتچىلىگىنىڭ ئىرقى قىرغىنچىلىققا، مىللىي زۇلۇمغا قارشى شۇئارىغا ئايلاندى. خىتاي، خەلقئارا سوتقا تارتىلىپ، خىتايغا قارشى كۆپلىگەن خەلقئارا قانۇنلار قوبۇل قىلىنىپ يولغا قويۇلماقتا. بىز ئەلۋەتتە بۇ جەھەتتىن خىزمەت كۆرسىتىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزغا پەقەت ئاق يول تىلەيمىز. بۇ قېرىنداشلىرىمىزغا روھى مەدەت بېرىپ، ھىسداشلىق بىلدۈرۈش، قوللاپ-قۇۋۋەتلەش ئويلانغان ھەر قانداق ئۇيغۇرنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسىدۇر.

" ئىتتىپاق " گېزىتى ئەنە ئەشۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بالايۇ-ئاپەتلەرنى، ئۇيغۇر خەلقىنى ئەشۇ مۇدھىش زۇلۇم چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتىنى قايتا ئەكسىگە كەلتۈرۈپ، ئانا ۋەتىنىمىزدە ئۇيغۇرنىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىغىنى تىكلەش ئۈچۈن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىردىن بىر ۋاكالەتلىك ئورگانى سۈپىتىدە خەلقئارا مەيدانلاردا دادىللىق بىلەن يەر دەسسەپ تۇرۇپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ پائالىيەت-ئۇتۇقلىرىنى خەلقىمىزگە يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شانلىق تارىخىنى، مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە، ئەنئەنىۋىي ئۆرپ-ئادەت، رەسىم قائىدىلىرىمىزگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى، شۇنداقلا ئۆزىمىز ئىستىقامەت قىلىۋاتقان قىرغىزستاننىڭ ئىجتىمائىي-سەياسىي ھاياتىدىكى يېڭىلىقلارنى، "ئىتتىپاق" نىڭ پائالىيەتلىرىنى رۇس ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا يورۇتۇپ بېرىۋاتقان بىردىن-بىر گېزىتتۇر. بۇ مەلۇماتلارنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئىنتېرنېتتىن كۆرىشىڭىز مۇمكىن، -بەرىنى كۆرەلمەيسىز.

"ئىتتىپاق" گېزىتى سىزنىڭ ئانا تىلىڭىزدا چىقىۋاتقان گېزىت، سىزنىڭ كىم ئېكەنلىگىڭىزنى ئىسپاتلاپ تۇرىدىغان سىزنىڭ پاسپورتىڭىز. بىز ئۇيغۇر خەلقىدە "قۇش ئۇگىسىدا نېمىنى كۆرسە، شۇنى قىلىدۇ" دېگەن گەپ بار. پەرزەنتلىرىمىزنىڭ مىللىي ھىسسىياتى، روھىي بايلىغى، دۇنيا كۆز قارىشى ئەنە ئەشۇ ئۆيدىكى مىللىي مۇھىتتىن، مىللىيلىككە خاس گەپ-سۆزلەر، مۇلاھىزىلەردىن شەكىللىنىدۇ. ئەنە ئەشۇ سىزنىڭ كىملىگىڭىزنى ئىسپاتلاپ تۇرىدىغان كىتاپ، گېزىت، ژۇرناللار داۋاملىق ئۈستىلىڭىز ئۈستىدە تۇرسا، ياش ئەۋلاتلارنىڭ قەلبىدە ئەشۇ مىللىي روھنىڭ ئويغۇنۇپ، شەكىللىنىشىگە قانچىلىك تۈرتكە بولىدۇ. ئويلىنىپ كۆرۈڭ!..

"ئىتتىپاق" جەمئىيىتى بۇ سىزنىڭ جەمئىيىتىڭىز، " ئىتتىپاق" گېزىتى بۇ سىزنىڭ گېزىتىڭىز! ئويلىنىڭ، ئۇنى ھىمايە قىلىڭ، قوغداڭ.

مۇزەپپەرخان قۇربان، قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق» جەمئىيىتى ئاقساقاللار كېڭىشىنىڭ رەئىسى، شائىر، ژۇرنالىست.






# Акрам Хашимов: *настоящий во всем*

*(памяти красивого и доброго человека)*

***На днях не стало Акрама Абдулазизовича Хашимова – замечательного композитора и музыканта, члена Союза композиторов и бастакоров Узбекистана, доцента кафедры композиции и инструментовки Государственной консерватории Узбекистана.***

Известие о его уходе стало для его коллег и студентов невероятно тяжелым потрясением. Ведь многие из нас незадолго до этого печального известия виделись с ним, общались при личной встрече, по телефону, переписывались в интернете.

Он был человеком очень большой души – отзывчивым, чутким, неравнодушным к чужим проблемам, искренне любящим людей и музыку. Все эти качества ценны в любой ситуации и в любое время. Обычно все говорят о себе, а Акрам Абдулазизович всегда говорил о других. Общение с ним приносило огромный заряд позитива и энергии. На него всегда можно было положиться.

Поразительно, как человек такой кристально чистой души, чье лицо светилось добротой, мог жить в наше жестокое время! Поэтому весть о его уходе не сразу стала возможной для ее осознания. Даже сейчас, когда прошло уже несколько дней, все равно нет понимания, что теперь мы никогда не увидим его, не сможем позвонить ему, узнать о его самочувствии, о его новых композиторских опусах, книгах или статьях…

Акрам Хашимов принадлежал к поколению композиторов, которые уже вступили в пору творческой зрелости. Он работал в самых разных жанрах, среди которых симфония и вокально-симфонические произведения, инструментальный концерт, камерная кантата «Красная книга», «Уйгурская рапсодия» для оркестра узбекских народных инструментов, камерно-инструментальные опусы, музыкальная драма «Додагинам», песни, хоры, обработки и расшифровки уйгурского фольклора. Во всех этих опусах неизменно присутствует удивительная доброта и человечность, а музыка привлекает стилевой оригинальностью и разнообразием тематики. В своих произведениях Акрам Хашимов очень часто использовал элементы традиционной уйгурской музыки, и национальное начало стало неотъемлемой частью его творческого почерка, что и обусловило яркий национальный колорит большинства его сочинений.

Так, на национальную специфику опираются такие его опусы, как симфоническая поэма «Ғани Батур», «Уйгурская рапсодия», мукам-соната «Отзвук Чаббията» для альта-соло, мукам-соната для виолончели-соло, Вариации на тему уйгурской народной песни для гобоя и фортепиано, мукам-пьеса «Мукамбеши Ажам» и Фантазия на тему уйгурской песни «Лайлигул» для фортепиано и другие. Он творчески преобразует фольклорный материал, искусно соединяя композицию европейского типа с принципами традиционного уйгурского музицирования, воспроизводя в нотном тексте своих произведений стихию импровизационности, приближая звучание инструментов европейского симфонического оркестра к традиционным инструментам с помощью характерных штрихов и применения своеобразных национальных уйгурских интонационных и ритмических формул, специфической мелизматики.

Сочинения А.Хашимова интересны и познавательны, поэтому не случайно анализ многих из них стал объектом исследований узбекистанских музыковедов и исполнителей. Среди них очень красивый цикл «Времена года» для тромбона и фортепиано, написанный в 2007 году и посвященный известному ташкентскому музыканту Джуме Сабуровичу Сабурову, премьера которого состоялась в год его создания.

Этот цикл представляет собой четыре зарисовки образов природы с программными подзаголовками: «Зима», «Весна пришла», «Летние прогулки», «Осенние пейзажи». Как верно отмечает в своем исследовании музыковед Ж.Мартиросова: «Образно-драматургическая концепция четырех составных пьес, представляет собой синтез национальных и европейских традиций. Избранный композитором тембр солирующего тромбона раскрывает тему каждой части цикла и ее нюансы. При этом тромбон выступает в разных ипостасях: с одной стороны, композитор демонстрирует его технические возможности, виртуозность и широкий диапазон, а с другой – именно тембровое воплощение обогащает эмоциональную сферу и придает зарисовкам неповторимый колорит. Партия фортепиано – равноправный участник инструментального диалога, который отличает разнообразное использование фактурных приемов и темброво-красочных возможностей».



А вот в своем фортепианном цикле «24 прелюдии» А.Хашимов опирается на традиции, сложившиеся в этом жанре. Достаточно назвать известные в мировой фортепианной литературе имена Ф.Шопена, К.Дебюсси, А.Скрябина, С.Рахманинова, Д.Шостаковича, Д.Кабалевского, К.Караева, чьи циклы прелюдий имеют большое значение не только в концертном, но и в педагогическом репертуаре. А среди композиторов Узбекистана – это Б.Гиенко, Ю.Николаев, В.Сапаров и, конечно же, А.Хашимов, который переслушал практически все, что существовало в мировой фортепианной литературе в этом жанре. В итоге, по признанию Акрама Абдулазизовича, наиболее близкими ему оказались трактовки А.Скрябина и Д.Шостаковича. «К Скрябину, – говорил он, – восходит понимание прелюдии как миниатюры, отражающей космический, философский смысл бытия, а к Шостаковичу – опора на бытовые жанры (песня, танец), с обновлением ладового и гармонического мышления».

В каждой из 24 прелюдий, представляющей собой законченную тему, в контрастном чередовании проходят разнообразные образы – лирические, грациозные, жанрово-бытовые, пейзажные и другие, а фортепианная фактура их очень удобная и разнообразная, да и вкус – отточен, развит и стабилен.

Не обошла творчество А.Хашимова и «детская тема», получившая отражение в песнях «Дайди бола», «Соат», «Устозга», «Дуст ва гул», «Тутай дейман гулдаста», а также в «Детском альбоме» для фортепиано. Их автор прекрасно чувствовал детский мир, исполненный фантазии, и умел «разговаривать» с ребенком «по душам», поэтому сочиняя музыку для этой аудитории, он заботился о том, чтобы ее сюжет был интересен и доступен для понимания маленького создания.

Сам будущий композитор ступил на путь творческих «искусов» в раннем детстве, начав самостоятельно подбирать на фортепиано полюбившиеся мелодии. И в этом не было ничего удивительного: в доме постоянно звучала музыка, которую слушал его отец, Хашимов Абдулазиз Саттарович – музыковед и композитор, доктор искусствоведения, автор энциклопедических статей, участник Международного совета по традиционной музыке, Республиканских и Международных симпозиумов и конференций. Он был одним из ярчайших пропагандистов уйгурской музыки, элементы которой использовал в своих произведениях. Поначалу Абдулазиз Саттарович не придавал особого значения увлечению своего сына.

Но когда мальчику исполнилось 13 лет, отец, убедившись, что любовь к музыке передалась ему по наследству, определил его в известную школу-интернат имени Р.М.Глиэра на дирижерско-хоровое отделение. Здесь пристрастием Акрама стало фортепиано, которым вскоре настолько овладел, что стал постоянным участником самых разнообразных школьных концертов. А в 14 лет он написал для любимого инструмента свой первый опус «Пассакалия». Однако тяготение к сочинительству пришлось выдержать испытанием музыкой Баха, Бетховена, Листа…

Далее последовало поступление в Ташкентскую консерваторию уже на композиторский факультет, где Акрам занимался в классе композиции у мэтра композиторской школы Узбекистана, заслуженного деятеля искусств республики, профессора Ф.М.Янов-Яновского, а затем у него же в ассистентуре-стажировке. За этот период пытливый студент под руководством Феликса Марковича испробовал свои силы во многих жанрах, вплоть до симфонии. В те времена он расширял кругозор доступными способами: прослушиванием музыки как с педагогом, так и в кругу однокурсников, обменом мнений по поводу новых сочинений, посещал концерты, театры. И уже в ранних произведениях Хашимов начал открывать себя, свою интонацию и свой ритм – в точном ощущении музыкального времени. Ему многое было интересно, но он безошибочно находил то, что оказывалось необходимым.

Необходимо отметить и педагогическую деятельность Акрама Абдулазизовича. С 1985 года он в течение одиннадцати лет преподавал и был завучем Республиканской школы-интерната искусств, а с 1997 успешно совмещал заведование учебной частью с педагогикой на кафедре композиции и инструментовки Государственной консерватории Узбекистана, где вел специальность, инструментоведение, чтение партитур. Студенты его любили, ведь он всегда находил подход к каждому из них. В пору его деканства (факультет «Композиция, оркестровое исполнительство, эстрадное искусство») они всегда знали, что он с пониманием выслушает и даст мудрый совет. Его поддержка в сложные моменты очень помогала им, а его вера в них давала невероятные силы. В его классе царила творческая, добрая, семейная атмосфера. Я всегда поражалась тому, с какой скрупулезностью, как детально он занимался со своими студентами. Он учил их преданности делу и честности по отношению к музыке, жить в ней, чувствовать ее всей душой, быть чутким к композиторской идее. Теперь, когда его не стало его ученики, уверена, будут долго слышать голос своего учителя внутри себя.

До последних дней Акрам Хашимов общался с педагогами и студентами, а также поддерживал связь с зарубежными коллегами. Будучи тяжело больным, ходил на работу, на репетиции своей Виолончельной сонаты, написанной специально для Фестиваля камерной музыки композиторов Узбекистана, премьера которой состоялась уже без него незадолго до Нового года. Помимо этого, он писал статьи, работал над учебником по специальности для студентов-композиторов III курса, подготовил к изданию учебное пособие, в которое вошли хоровые произведения на основе уйгурского фольклора. Об этом и многом другом поделился со мной молодой и энергичный заведующий кафедрой композиции и инструментовки Нурали Эркаев: «Невозможно поверить и осознать… Акрам Абдулазизович сочетал в себе силу и уверенность, надежность и ответственность, колоссальную работоспособность, оставаясь при этом добрым, дипломатичным, по-отечески заботливым. Он всегда был человеком слова и дела, поэтому не случайно, а закономерно был назначен в свое время проректором по научной работе Национального института художеств и дизайна имени Камолиддина Бехзода».

Действительно, Акрам Хашимов был настоящим во всем: в профессии, в работе, в творчестве, в общении с коллегами и студентами, в отношении к семье и детям. С большой теплотой я буду хранить в душе самые добрые и светлые воспоминания о своих встречах и беседах с этим удивительно скромным, деликатным и интеллигентным человеком. И их у меня немало, как у моих коллег и студентов Акрама Абдулазизовича. Он останется в нашей памяти и в истории музыкальной культуры Узбекистана как один из ярчайших примеров беззаветного служения искусству Музыки, отдавший много сил популяризации уйгурского музыкального наследия не только в нашей республике, но и далеко за ее пределами. И сегодня нам трудно сознавать, что этого красивого и доброго человека уже нет среди нас.

Будем помнить…

**Инесса Гульзарова,** музыковед.
г.Ташкент.( газета «NUR.UZ» от 17.01.2022).

Фото из архива кафедры композиции и инструментовки ГКУз.

# ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ ۋە مۇھەببەت ھەققىدىكى قائىدە يوسۇنلىرى

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىگى شۇكى ئىنسانلار رەڭگارەڭ قائىدە ـ يوسۇنلار چەمبىرىگى ئىچىدە ياشايدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. قائىدە يۇسۇن كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ شەكلى ياكى پوستىدىلا نامايەن بولماستىن، بەلكى مەزمۇنى ۋە مېغىزىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا ئۇ جەمئىيەتنىڭ تاشقى بېزىگى ئەمەس بەلكى ئۇنى بىر پۈتۈنلۈككە ئېگە قىلغۇچى يادرولۇق ئامىل ھېساپلىنىدۇ. قائىدە يۇسۇنلار ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ بارلىق قاتلىمىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بولۇپ ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكەت ـ پائالىيىتىنىڭ بېزىگى ۋە كۆركى ھېساپلىنىدۇ. ئومۇمى مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قائىدە يۇسۇن بىر مىللەتنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا تارىختىن بۇيان ئۈزلۈكسىز بېيىپ ، تاكامۇللىشىپ كىلىۋاتقان شۇ مىللەتنىڭ تۇرمۇش ئەندىزىسى ، دۇنيا قارشى ، قىممەت قارشى دىنىي ـ ئېتقادىي سەياسىي، ئىقتىسادىي ئىجتىمائىي تەرەققىياتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، شۇ مىللەت ئەزالىرى بىردەك ئېتىراپ قىلغان، ئۆلگىلىك ھەرىكەت ـ يۇسۇنلىرىنىڭ ئومۇمى يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا جۈملىدىن قائىدە ـ يۇسۇن تارىخىغا ئېگە بىر مىللەت . ئۇلار ئەسىرلىك تەرەققىيات تارىخىدا ئۆزىگە خاس مول قائىدە ـ يۇسۇنلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس ئىجتىمائىي قانۇنىغا ئايلاندۇرغان. ئۇيغۇرلار 10 ـ ئەسىردە ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ ، پۈتۈن مىللەت بويىچە دىن ئۆزگەرتكەن ، ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى قائىدە يۇسۇنلىرى ، مەدىنىيەت تارىخى ئىسلام تۈسىنى ئېلىشقا يۈزلەنگەن. ئىسلام دىنى باشقا دىنلارغا ئوخشاش چېركاۋ ياكى بۇتخانا دېگەندەك بەلگىلەنگەن دىنى ئىبادەت سورۇنلىرىدا ئېلىپ بېرىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالىدىغان دىن بولماستىن، بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتۈن ھاياتى پائالىيەتلىرىگە زىچ باغلانغان بولغاچقا ، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى ئائىلە، نىكاھ، جەمەت، خوشنىدارچىلىق، دوستلۇق، تىجارەت ...... قاتارلىق ھەر ساھە تەرەققىياتى قويۇق ئىسلامى تۈزۈلمە بويىچە يۈرگۈزۈلۈپ، ئىسلامى پۇراق كۈچلۈك بولغان قائىدە ـ يۇسۇن، مەدەنىيەت شەكىللەندۈرگەن.

نىكاھ بىر مىللەتنىڭ قائىدە ـ يۇسۇنلىرىنى ئەڭ مەركەزلىك ئەڭ گەۋدىلىك يۈرۈتۈپ بېرىدىغان مەدەنىيەت مەركىزى ھېساپلىنىدۇ . قىز ـ يىگىتنىڭ نىكاھلىنىپ ئائىلە قۇرۇشى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان كاتتا نىمىتى ۋە بۈيۈك رەھمىتىدۇر . ئاتالمىش «كىشىلىك ئەركىنلىك» بايرىغى ئاستىدا شەكىللەنگەن ئىنسان تەبىئىتىگە يات بۇزغۇنچىلىق ئەۋج ئېلىپ، جەمئىيەتكە سەلبى ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىپ، ئېغىر ئىجتىمائىي كىرزىس پەيدا قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈنىمىزدە، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ كاتتا نىمىتىنىڭ خاسىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، شۈكۈرلەر ئېيتماي تۇرالمايمىز. ئىسلامدا «نىكاھ» دىن ئىبارەت ئىلاھى قانۇن بىلەن قىز يىگىت بىر بىرىگە ھالاللىنىپ ئائىلە قۇرۇلىدۇ، نىكاھسىز ئائىلە بولمايدۇ. نىكاھلىنىش قىز ـ يىگىت مۇھەببەت رىشتىسىنىڭ باغلىنىشى ئاساسىدا، شەرئى مىزان، ئۆرپ ـ ئادەت رەسمىيەتلەرگە لايىق رەۋىشتە مەڭگۈلۈك ھەمراھ بولۇپ، بەختلىك ئائىلە قۇرۇپ، يارامىلىق ئەۋلات تەربىيلەپ قاتارغا قوشۇپ، ھاياتلىقتا ياخشى بىر ئىز قالدۇرۇش مۇددىئاسى بىلەن، بىرلىكتە يېڭى بىر ھاياتلىق سەپىرىنى باشلىشىدۇر. نىكاھلىنىش ئائىلە قۇرۇپ قانداشلىق جەمئىي مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى، ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆلى. نىكاھ بىلەن يات ئەر ـ ئايال ئائىلە بولۇپ، بىر بىرىنى تولۇقلىغان، ياردەم بەرگەن ئاساستا ئورتاق ئالغا ئىلگىرلەيدۇ . نىكاھ بىلەن نىكاھلانغۇچى ئەر ـ ئايالنىڭ ئائىلىسى قودا ـ باجا بولىدۇ . ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قودىلار تۇققان ھېساپلانمىسىمۇ لىكىن ئۆز ئارا قاتتىق ھۆرمەتلىشىدۇ . بۇ « قودا كەلدى خودا كەلدى ، كۈيئوغۇل كەلدى خان كەلدى » تەمسىلىسىدە ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن.

ئىسلام دىنىدا بىر ئەر ئەڭ كۆپ تۆت ئاياللىق بولۇشقا رۇخسەت قىلىنغان بولغاچقا ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە گەرچە بىر ئەر بىر ئاياللىق تۈزۈم ھۆكۈم سۈرۈپ كەلسىمۇ ، بىر ئەرنىڭ كۆپ ئاياللىق بولۇشىمۇ جەمئىيەت ئەزالىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ كەلگەن بىر ھادىسە. ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھلىنىش دائىرىسى ئاساسلىغى يات ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ ، لېكىن تۇققانلىرىنى يېقىن كۆرگەنلىكتىن تۇققانلار ئارا نەۋرىلەرنى ئۆز ـ ئارا چېتىش ئادەتلىرىمۇ يوق ئەمەس. ئامما ئەر ـ ئايالنىڭ كىلىشەلمەي ئاجرىشىپ كىتىشى ئارقىسىدا ئىككى ئائىلىنىڭ تۇققانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يىرىكلىشىپ كىتىش ھەتتا ياتلىشىپ كىتىش ھادىسىلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق پوزىتسىيەسى تۇتۇلىدۇ. شۇڭا بۇ خىلدىكى نىكاھلىنىش ئەرەپ قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلىرىدە كۆپ ئۇچرىسىمۇ ئۇيغۇرلاردا ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ.

بۈنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلادا يەنە باشقا مۇسۇلمان مىللەت كىشلىرى بىلەن نىكاھلىنىش ئەھۋالىمۇ مەۋجۈت. بۈگۈنكى كۈنىمىزدە يەنە مۇھەببەت تۈپەيلىدىن غەيرى دىندىكى كىشلەر بىلەن نىكاھلىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلمەكتە .

ئۇيغۇرلاردا ياش قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ياشلىقتا بەڭباشلىق قىلىپ «ئىش تېرىپ» قويماسلىغى ۋە شۇنداقلا بىر ئائىلىگە باغلىنىپ ، ئائىلىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، پىشىپ يېتىلىپ ئاتا ـ ئانىنى خاتىرجەم قىلىشى ئۈچۈن ، بالدۇر ئۆي ئوچاقلىق بولۇش ئادىتى شەكىللەنگەن. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئوغۇللار 17 ـ 18يېشىدا ئۆيلەنسە، قىزلار 15 ـ 16يېشىدا ياتلىق بولغان. ھازىر بۇ ئەھۋاللار ئۆزگەردى. ئوغۇللار 22 ياشتىن ئاشقاندا قىزلار 18 ياشتىن ئاشقاندا نىكاھلىنىدىغان بولدى.

ئۇيغۇرلار نىكاھنى مۇقەددەس بىلىدۇ ، نىكاھ ئىشىنى ئۆمۈر ئىشى دەپ قاراپ ئىنتايىن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ . ئۇيغۇر ئائىلىرىدە ئاۋال ئاتا ئاندىن قالسا ئانا ئىنتايىن ھۆرمەتلىنىدىغان، ئۇلارنىڭ قارارلىرىغا ھەممە بويسۇنۇش تەلەپ قىلىنىدىغان بولغاچقا ، ئوغۇللۇق ئائىلىلەر ئوغۇللىرى توي قىلىش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن، ئەتراپىدىكى ئائىلىلەرنىڭ بويىغا يەتكەن قىزلىرىغا دىققەت قىلىپ، ئوغلى ئۈچۈن ئۆزى باش بولۇپ لايىق تاللاشنى باشلىۋېتىدۇ. ئادەتتە ئۆزلىرى تىگى تەكتى، ئادىمگەرچىلىكىنى بىلىشكەن، بادى كەلدىسى بار بولغان، ئاساسەن تەڭ بولغان ئىقتىسادى سەۋىيەگە ئېگە دوست ـ يارەنلىرى بىلەن قۇدىلىششىنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇرۇنقى چاغلاردا قىيامەتلىك دوستلار پەرزەنتلىرى كىچىك ۋاقتىدىلا كەلگۈسىدە پەرزەنتلىرىنى چېتىپ قويۇشنى ۋەدىلىشىدىغان ئىشلارمۇ بار بولۇپ، پەرزەنتلىرى چوڭ بولغاندا ئالاھىدە ئۆزگىرىش بولمىسىلا ۋەدىلىرى بويىچە پەرزەنتلىرىنى چېتىپ قويغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت ئېدى. ئۇيغۇرلاردا قودا ـ باجىلار ئارىسىدىكى تويدىن كېيىن داۋاملىششى زۆرۈر بولغان نۇرغۇن ئۆرپ ـ ئادەت ئالاقىلىرى بولغاچقا، قولايلىق بولۇش، يېقىن بولۇش كۆزدە تۇتۇلۇپ، بىر شەھەر بىر رايوندىن لايىق تاللاش تەشەببۇس قىلىنىدۇ، يىراق شەھەرلەرگە قىز بىرىش مەجبۇر بولۇپ قالمىسىلا ئانچە قارشى ئېلىنىپ كەتمەيدۇ.

ئاتا ـ ئانىنىڭ پىكرى بىريەرگە كەلگەندىن كېيىن باشقىلار ئارقىلىق ئوغلىغا بىشارەت بىرىلىپ ئوغلىنىڭ رايى سورىلىدۇ، ئوغۇلدا باشقا ئېتىراز كۆرۈلمىسىلا ئاتا ـ ئانا كۆزلىتىپ تاللىغان لايىق بېكىتىلىدۇ. ئەگەر ئوغلى ئۆزىنىڭ ياختۇرۇپ سۆزلىشىپ يۈرگەن بىرىنىڭ بارلىغىنى بىلدۈرسە، بۇ لايىق ئاتا ـ ئانىغىمۇ مۇناسىپ كۆرۈلسە ئاخىرقى ھىساپتا شۇلايىق تاللىنىدى. ئادەتتە ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىرادىسى بەكرەك مۇھىم ئورۇنغا قويۇلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، نىكاھ جۈپتىنى تاللاشتا نىكاھلانغۇچى قىز ـ يىگىتنىڭ پىكرىنى ئېلىشقا تېخىمۇ كۆپ ئەھمىيەت بىرىلىدىغان بولدى. ئاتا ـ ئانىلارمۇ پەرزەنتلىرىنىڭ نىكاھ ئائىلە ئۇلىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ كۆپرەك ياشلارنىڭ رايىغا باقىدۇ.

لايىق بېكىتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئوغۇل تەرەپ يېقىنلىرىدىن ئىككى ئۈچ كىشىنى قىزنىڭ ئائىلىسىگە ئەۋەتىپ قىز تەرەپكە ئەلچى قويىدۇ . قىز تەرەپ بۇ ئائىلىنى لايىق كۆرسە ماقۇللۇق جاۋابنى بېرىدۇ، مۇناسىپ كۆرمىسە ياكى باشقا يەر بىلەن دېيىشىپ بولغان بولسا ئۇنىڭغا مۇناسىپ جاۋاپ بېرىدۇ.

ئىككى ئائىلە توي ئىشىغا رازىلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئوغۇلنىڭ ئانىسى ئۇرۇق ـ تۇققان ، يېقىنلىرى بىرقانچە كىشىنىش تەشكىللەپ ، ئىقتىسادى ئەھۋالىغا كۆرە شۇ يۇرتنىڭ داستىخان ئادىتىگە ئاساسەن، يىمەك ـ ئىچمەك، رەخت، كىيىم ـ كېچەك دىگەنلەردىن مۇۋاپىق ھازىرلاپ قىز تەرەپكە بارىدۇ. قىز تەرەپمۇ كەلگەن مىھمانلارنى قىزغىن كۈتىۋالىدۇ. ئاخىرىدا ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپتىن تويلۇق توغرىسىدا ئۇچۇر بېرىشىنى سوراپ قايتىدۇ.

تويلۇق يەنى مىھىر ھەققى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەزى ماتېرىياللاردا تويلۇقنى قىز تويدىن كېيىن ئۆز ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ يىگىتنىڭ ئائىلىسىدە بىللە ياشايدىغانلىغى ئۈچۈن، يىگىت تەرەپتىن قىزنىڭ ئائىلىسىگە بىرىدىغان سوۋغا دەپ يېزىلغان. ئىسلام دىنىدىكى مىھىر ھەققى دەپ ئاتالغان تويلۇق بولسا قىزنىڭ بارلىغىنى يىگىتكە تاپشۇرىدىغانلىغى ئۈچۈن ئوغۇل تەرەپتىن قىزغا بىرىشى شەرت بولغان ھەدىيە بولۇپ، ئوغۇل تەرەپ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالىغا قارىتا قىزغا بېرىدۇ. بۇ ھەق قىزنىڭ ھەققى بولۇپ، قىز خالىسا ئۇنى ئاتا ـ ئانىسىغا بىرىپ تويغا ۋەياكى باشقا زۆرۈر بولغان ئېھتىياجلىرىغا ئىشلەتسە بولىدۇ. خالىسا ئۆزى ئېلىپ قالىدۇ، ئامما قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بۇھەقنى قىزنىڭ رازىلىقىسىز ئۆزلىرى ئىشلىتىۋالسا بولمايدۇ . ئۇيغۇرلاردا تويلۇقنى ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققى دەپ قارىلىپ، ئاتا ـ ئانا پىكىرلىشىپ بېكىتىپ، توي ئىشلىرى ۋە ياكى قىزنىڭ يېڭى تۇتقان ئۆيى ئۈچۈن تۇرمۇش لازىملىقلىرى ئېلىپ بېرىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا تويلۇق ئۈچۈن كىيىم ـ كېچەك، يىمەك ـ ئىچمەك بىرىلگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندە تويلۇق سوۋغىتى پۇل بولماقتا .ئەمما بەزى يېزا ـ قىشلاق ، چارۋىچىلىق رايونلىرى، تاغلىق كەنتلەردە تويلۇق سوۋغىتى رەخت، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ياكى چارۋا ماللار بۇلىدىغان ئەھۋاللار يەنىلا مەۋجۇت . تويلۇقنىڭ ئاز كۆپ ، يۇقىرى ـ تۆۋەن بۇلىشى ۋە تويلۇقنىڭ شەكلى قاتارلىقلار شۇ مىللەت كىشلىرىنىڭ ئادەمنىڭ قىممىتىگە بولغان باھاسىنىڭ ئىپادىلىنىشى. بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇنلىغان قىز ـ يىگىتلەر تويلۇق بېسىمى سەۋەبىدىن توي قىلالماي ، كۈتۈلمىگەن ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىسلام دىنىدا تويلۇقنى مۇۋاپىق قىلىش بەلگىلەنگەن ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بەزى كىشلەر ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلغاندەك تويلۇقنىڭ نورمال بولۇشىنى ياقتۇرسىمۇ ئامما بەزى كىشلەر نام ـ ئابروي قوغلاشقانلىقتىن تويلۇقنى ھەددىدىن زىيادە ئېغىر قىلىۋېتىدۇ .ئۇيغۇرلاردىكى تويلۇق ۋە ئۇنىڭغا بولغان قاراشلار ئىلمىيلاشتۇرۇلىشى ۋە ناچار تەرەپلەر شاللاپ چىقىرىلىشى كېرەك.

تويلۇق بېكىتىلىپ بولغاندىن كېيىن قىزنىڭ ئۆيىدە چوڭ چاي بېرىلىدۇ ، بۇ كۈندە قىزغا ھازىرلانغان تويلۇق يا پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ تاپشۇرۇلىدۇ ياكى تەلەپ بويىچە تەييارلىنىپ قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ .ئادەتتە كېيىنكى ئۇسۇل بىر قەدەر ئومۇملاشقان . چوڭ چايدا تويلۇقلار بىرىلىپ بولغاندىن كېيىن توي كۈنى رەسمى بېكىتىلىدۇ .

(داۋامى ـ 13بەتتە)



# МУЗИКИҒА ИШТИЯҚ БАҒЛИҒАН ИНСАН

*Хәлқимиз ичидә кичигидин музикиға иштияқ бағлап, уни әстаидил үгүнүп, бир өмүр хәлқимизгәхизмәтқилипкәлгәнкишилиримиз көп. Шуларниң бири Әркин Мирәғзәм оғли Садиқовтур.*

Әркин Мирәғзәм оғли 1952- жили, 30- январь күни Уйғуристанниң Ғулжа шәһиридә зиялий аилисидә дунияға кәлгән. Униң дадиси Мирәғзәм ака Уйғуристанниң Нилқа шәһиридики наһийәлик сода идарисида хизмәт қилған. Аниси Оғулжан сода саһасида ишлигән. Әркин бәш яш вақитлирида дадиси Нилқа наһийәлик сода идарисиға ишқа кирип, уларниң аилиси Ғулжидин Нилқа шәһиригә көчүп барған. Әркинниң балилиқ дәври Нилқида өтиду. 1963- жили, феврал айлирида Әркинларнң аилиси Қазақстанниң Жамбул вилайитиниң Кеңәш йезисиға көчүп келиду. Аридин бир ай өткәндә Әркинниң чоң дадиси Һесамидин ака уларни Қирғизстанниң Фрунзе шәһиригә көчүрүп әкәлгән. Мирәғзәм акиниң аилиси Фрунзе шәһириниң төвәнки Төкүлташ мәһәллисигә келип олтурақлашқан. Әркин у чағда Нилқа шәһиридики 1- оттура мәктәпниң 4 - синипида оқуватати. Фрунзе шәһиригә көчүп кәлгәндин кейин Әркин Төкүлташ мәһәллисидики 53 - рус тиллиқ толуқ оттура мәктивигә кирип оқуйду.



Әркин Мирәғзәм оғлиниң Төкүлташ мәһәллисигә көчүп келиши униң һаятида чоң өзгүрүшләрни елип келиду. Йәни, Төкүлташ мәһәллисидики уларниң өйиниң бир тәрипи, атақлиқ муқамшунас Мәттайир ака Һасанов билән, иккинчи тәрипи музикант вә нахшичи Низамидин Идбиминов билән хошна болуп қалиду.



Һәммигә мәлум, 1961- жили, Абдукерим Разиевниң тәшәббуси билән Қирғизстан милләтләр ижадийити өйи йенида уйғур сәнъәт ансамбли қурулған еди. Бу ансамблға Мәттайир Һасанов, Разия ханим, Рәхмәт Юсупов, Турсун Тейипов, Юсупжан Қасимов,, Аминә Қадир, Айтурған Һасанова, Абдувели Әкрәмов, Абдурешит Надиров, Пәрһат Һашир, Низамидин Идбиминов, Толунай Әйсарова вә башқилар қатнашқан. Бу ансамбльға дәсләп Абдукерим Разиев, кейин, 1963- жилидин Давут Турахмәтов, 1966- жилидин башлап Кейим Сабирһажиев рәһбәрлик қилишқан. Уйғур миллий сәнъәт ансамбли 1967- жили, пүткүл Совет Иттипақи бойичә өткүзүлгән сәнъәт һәвәскарлириниң конкурсиға қатнишип, мошу конкурсниң лауреати намиға егә болди. Бу ансамбль 1968- жили, авғуст ейида Алмута, Талдиқорған, Чонжа, Йәркәнт вә Уйғур наһийәсидики йеза қишлақларға берип уйғур миллий сәнъитимизни намаян қилди. 1969- жили, бу ансамбль Қирғизстанниң Иссик - Көл вилайитигә ижадий сәпәргә чиқип, Покровка, Ирдық, Қарақол, Чолпон-Ата, Беликчи қатарлиқ шәһәр вә йезиларға берип уйғур сәнъитини тәшвиқ қилди.

Әркин Төкүлташ мәһәллисигә көчүп кәлгән күнлиридә хошнилири Мәттайир ака Һасановниң вә Низамидин Идбиминовларниң өйидә сазәндә-нахшичилар жиғилип репетиция қилишатти. Әркин хошниси Низамидин Идбиминовниң өйигә тәп таритмай кирәттивәуларниң чалған музикилирини пүтүн зеһни билән аңлатти. Буни көргән сазәндә Низамидин бир күни қолидики дапни бир ойнитип челип болуп:

-Сазға қизиқамсән?- дәп сориди.

Әркин униңға жавабән бешини лиңшитип қойди. У:

-Ундақ болса бу дапни тутқин, - дәп қолидики дапни Әркингә тутқазди. Шу күндин башлап Әркин пүтүн иштияқи билән дап челишни үгүнүшкә киришип кәтти. Бара- бара Әркин әнә шу уйғур миллий ансамблиниң шагирти болуп, улар билән биргә барлиқ репетицялиригә вә уларниң қойған концертларға қатнашти. Ансамбльниң тәркивидә Қазақстанға вә Қирғизстанниң Иссиқ - Көл вилайәтлиригә концерт гастролида биллә болди.

Дадиси Мирәғзәм ака оғлиниң музикиға һерисмән екәнлигини көрүп, 1966- жили, Ташкәнт шәһиригә берип равап әкилип бериду. Әркин бу жиллири дапни мукәммәл үгәнгән еди. Әнди у өзиниң равибини кечә-күндүз қолидин чүшәрмәй мәшиқ қилди. Устази Низамидин Идбиминовтин уйғур саз вә музикилирини қетриқип үгәнди.

Әркин 1970- жили, июнь айлирида, 8 - синипни түгәткән пәйтидә, «Коммунизм туғи» гезитидә Алмутидики уйғур театриниң «Сәмәрқәнт музикилиқ училищеға оқуғучи қобул қилиниду» дегән ухтуруши елан қилиниду. Буни аңлиған Әркин дадиси Мирәғзәм акиға ейтиду. Шу мәзгилдә атақлиқ язғучи Зия Сәмәди Фрунзе шәһиригә туққан йоқлаш үчүн келип меһмандарчилиқта жүргән еди. Мирәғзәм ака Зия Сәмәди билән учрушуп, оғли Әркинниң Сәмәрқәнт музика училищеда оқуш арзусиниң барлиғини ейтиду. Зия Сәмәди:

- Болиду, мән әтә Алмутиға қайтимән, силәр мән билән биллә Алмутиға бериңлар, уйғур театриниң директори билән сөзлишип оғлиңизни Сәмәрқәнт музика училищеға чүшүшигә ярдәм қилимән,- дәйду.



Шундақ қилип, язғучи Зия Сәмәдиниң ярдимидә, уйғур театриниң уюштуруши билән қазақстанлиқ қиз-оғул 18 бала вә Әркин Садиқов улар билән биллә Сәмәрқәнт музика училищеға оқушқа чүшиду. Әркин Сәмәрқәнт музика училищениң кларнет синипида оқуйду. Әркин өзиниң қизиқиши вә тиришчанлиғи билән барлиқ пәнләрдин әла баһалар билән оқуйду. Шуңлашқа, студентлар 30 рубльдин стипендия алса, Әркин дөләт стипендия билән, йәни 37 рубль стипендия алатти. Әнә шу чағларда Совет Иттипақи дәвридә завод вә фабрикиларда ишләйдиған ишчиларниң орта иш һәққи 80-100 рубль еди.

У студент вақтида, 1973 - жили, Ташкәнт шәһиридә өткүзүлгән яшлар фестивлиға қатнишип, 3 - дәрижилик дипломни елишқа сазавәр болиду. У 1973-1974 - жиллири күндизи оқуп, кечиси Сәмәрқәнт шәһәрлик опера-балет театриниң оркестрида ишләйду. Әркин Садиқов 1974 - жили, Сәмәрқәнт музика училищени әла баһалар билән тамамлап, Фрунзе шәһиригә қайтип келиду. Шу жили, Фрунзе шәһиридики Б. Бейшеналиева намидики сәнъәт институтиға оқушқа чүшүп, оркестр факультетиниң кларнет синипида оқуп, уни 1979- жили тамамлайду. У 1978- жилидин башлап Фрунзе шәһиридики циркта музикант вә инспектор болуп ишләйду. Әркин шу жилларда Фрунзе шәһиридики музикилиқ мәктәп интернатида музика муәллими, Фрунзе шәһиридики паркниң оркестрида ишләйду. Йәнә, 1974- 1990- жиллири Фрунзе шәһиридики Камвольно-сукон комбинатиниң мәдәнийәт өйидә, 1990- 2000- жилларда Аламедин наһийәлик мәдәнийәт өйидә музика рәһбири болуп ишлиди.

Әркин Садиков 1974- жили, Сәмәрқәнт музика училищени түгүтүп Фрунзеға қайтип кәлгинидә, уйғур хәлиқ миллий ансамбли тарқилип кәткән еди. Шу жили, униң оюштуриши билән «Юлтуз» намлиқ яшларниң миллий ансамбли қурулди. «Юлтуз» ансамблиға Әркин Садиқов йетәкчилик қилди. Ансамбльниң тәркивидә: Абдурешит Надиров, Пәрһат Аширов, Мирзәким Абдулов, Рәпқәт Юсупов, Абдусалам Тейипов, Рәшидәм Абдураимова, Шәмшинур Бакирова, Рошәнгүл Момунова, Абдусалам Ғаппар, Таир Хатбақиев, Пәйзуллам Төмүрбақиев, Әхмәтжан Әлиев, Ғени Тохтиев вә башқилар болған. 2002- жили, «Юлтуз» ансамблиниң нами «Интизар» ансамблиға өзгәртилди. «Интизар» ансамбли тәркивигә йеңидин Әкрәм Мөминов, Сражидин Ушуров, Пәрһат Якубов, Алимжан Розиев, Рошәнгүл Садирова вә Сахип Ашимовлар қошулиду. 2004- жили «Интизар» ансамбли Иссиқ-Көл вилайитиниң Покровка, Ирдық, Қарақол, Чолпон-Ата, Беликчи қатарлиқ йеза вә шәһәрлиридә концерт гастроллирида болуп, уйғур хәлқиниң миллий нахша-уссул мәдәнийитини тәшвиқ қилди. 2005- жили, «Интизар» ансамбли «Хәлиқ ансамбли» дегән намға егә болди.

2018- жили, Алмута шәһиридә өткүзүлгән миллий сәнъәт һәвәскарлириниң «Хәлиқ таланти - түгүмәс байлиқ» намлиқ конкурсиға қатнишип, 1- дәрижилик дипломға егә болди.

Бүгүнки күнгә қәдәр «Интизар» ансамбли Бишкәк шәһиридә өткүзүливатқан той-төкүн, мәшрәп-олтурушларда уйғур хәлқиниң миллий нахша-сазлирини ойнап, миллий сәнъәт мәдәнийитимизни йоқатмай, хәлқимизниң мискин көңлини көтүрүп кәлмәктә.

Әркин Садиқов 1974- жили, Бәшарәт Саитова билән той қилишти. Уларниң һазир бир оғул, икки қизи, 8 нәвриси бар.

*Биз Әркин Садиқовниң мубарәк 70 жиллиқ тойини тәбрикләп, униңға мустәһкәм саламәтлик, узун өмүр, аилисигә бәхит-саадәтләрни тиләймиз.*

**Әкбәржан Баудунов,**
пәлсәпә пәнлириниң намзити.

(Фото сүрәтләр Әркин Садиқов шәхсий архивидин елинди)

## دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بەزى تالاش ـ تارتىشلارغا ئىزاھاتى

يېقىنقى ۋاقىتتىن بېرى، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا «ئىندىجىنىس پىپول» ئىبارىسىدا داۋام قىلىۋاتقان تالاش ـ تارتىشلار خەلقىمىز ئىچىدە بىر قىسىم كىشىلىرىمىزنىڭ قايمۇقۇشىغا سەۋەپ بولىۋاتىدۇ. شۇ سەۋەپتىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بۇ ھەقتە ئىزاھات بېرىشنى، ھەمدە قۇرۇلتىيىمىزنىڭ مەيدانى ۋە پىرىنسىپلىرىنى خەلقىمىز بىلەن يەنە قېتىم ئورتاقلىشىشنى زۆرۈر دەپ قارىدۇق.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ھىچ قاچان ۋە ھېچ يەردە، ئۇيغۇرلارنى «ئىندىجىنىس پىپول» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ قويغان بىر ئىش مەۋجۇت ئەمەس. بۇ تېما ئەزەلدىن قۇرۇلتىيىمىزنىڭ كۈن ـ تەرتىپىدە بولۇپ باقمىغان بولۇپ، بۈگۈنگە قەدەر بۇ مەسىلە ئۈستىدە بىرەر رەسمى مۇزاكىرىمۇ ئېلىپ بېرىلغىنىمۇ يوق.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ئۇيغۇرلارنى شەرقىي تۈركىستاندا ئەلمىساقتىن تارتىپ ياشاپ كەلگەن، بۇ تۇپراقنىڭ ئەسلى يەرلىك ئاھالىسى ۋە قانۇنى ئىگىسى دەپ قارايدۇ. ئاما بەزىلەر تەسۋىرلىگەندەك ئۇيغۇرلارنى «ئىندىجىنىس پىپول» دەپ قارىمايدۇ ۋە بۇ قاراشنى خاتا دەپ قارايدۇ.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ئەجداتلىرىمىزنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئۆزۈل ـ كېسىل مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئاخىرقى بۈيۈك نىشان قىلغان بىر تەشكىلاتتۇر. بۇ بىزنىڭ تەۋرەنمەس مەيدانىمىز ۋە ۋاز كېچىلمەس پىرىنسىپىمىز!

نۆۋەتتە، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا خەلقىمىزگە يۈرگۈزىۋاتقان ئىرقى قىرغىنچىلىغى داۋام قىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىمۇ يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى. بۈگۈنكىدەك كۈندە، مۇھاجىرەتتىكى بارچە شەرقىي تۈركىستانلار ۋە تەشكىلاتلار ئۆز ـ ئارا ئىختىلاپ قىلىش ۋە بىر ـ بىرىگە قارشى تۇرۇش ئەمەس، بەلكىم، خىتايغا قارشى بىرلىشىشكە ھەرقانداق ۋاقىتتىلاردىكىنمۇ بەكراق ئېھتىياجلىق!

كۆز ئالدىمىزدا، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكقا قارشى ھەركەتلەرنى داۋام قىلدۇرۇش، لوندون ئۇيغۇر سوتىنىڭ «ئىرقى قىرغىنچىلىق» قارارىنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ تېخىمۇ كۆپ دۆلەتلەردە ئوخشاش قارارنىڭ ئېلىنىشى قولغا كەلتۈرۈش، ئامېرىكىدا چىقىرىلغان «ئۇيغۇر مەجبۇرى ئەمگەكنى چەكلەش قانۇنى»نىنىڭ ئەملى ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسۈتۈش ۋە باشقا دۆلەتلەردىمۇ شۇ خىلدىكى قارارنىڭ ئېلىنىشى ئۈچۈن يول مېڭىش، ئەنگلىيە، كانادا، گېرمانىيە، فرانسىيە ۋە ئارگېنتىنا سوتلىرىدىكى داۋارىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش ... قاتارلىق بىر ـ بىرىدىن مۇھىم، تەخىرسىز ئىشلار دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە باشقا بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە پائالىيەتچىلىرىمىزنىڭ جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بۇنداق ئېكەن بىزنىڭ ئىچكى تالاش ـ تارتىشلارغا سەرپ قىلىدىغان ۋاقتىمىز بولماسلىغى كېرەك.

قۇرۇلتىيىمىز، بارچە تەشكىلاتلىرىمىزنى ۋە ۋەتەنپەرۋەر پائالىيەتچىلىرىمىزنى بۇ بۈيۈك، شەرەپلىك ئاما جاپالىق كۈرەشتە بىر سەپ بولۇپ ئۇيۇشۇشقا، ئەمەلىي ئىش ـ خىزمەتلىرىمىز ئارقىلىق بىر ـ بىرىمىزنىڭ كەم يەرلىرىنى تولۇقلاشقا، ۋەتەن ـ مىللەت ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىۋاتقان تەشكىلات ۋە شەخسلىرىمىزگە زەربە بېرىش ئەمەس، بەلكىم قوللاش ۋە مەدەت بېرىشكە، مۇھاجىرەتتىكى ھەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ ئۆز ئىمكانىيەتلىرى دائىرىسىدە ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسۈتۈپ داۋام قىلىۋاتقان ئۇيغۇر قىرغىنچىلىغىنى توختۇتۇش جېڭىدە پىدائىيلاردىن بولۇشقا چاقىرىمىز.

شۇنى ئۇنۇتماسلىغىمىز كېرەككى، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىغى پۇختا تەييارلانغان پىلان ـ پروگرام ۋە مۇشۇ ئاساستا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن قولغا كېلىدۇ.

**دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى**
**2022 ـ يىل، 17 ـ يانۋار**

## خەلقىمىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىلىرى

# ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ ۋە مۇھەببەت ھەققىدىكى قائىدە يوسۇنلىرى

(ئاخىرى، بېشى 11 ـ بەتتە)

توي كۈنى سەھەردە نىكاھ ئوقۇلىدۇ ئۇيغۇرلاردا «نىكاھ قونۇپ قالسا بولمايدۇ» دەيدىغان قاراش بولغاچقا ئۇنىڭدىن بۇرۇن نىكاھ ئوقۇلمايدۇ. نىكاھ ۋاقتىدا يىگىت ـ قىز قولداشلىرى بىلەن بىرلىكتە نىكاھ سورۇنىدا ھازىر بولىدۇ. ئىمام جامائەتچىلىكنىڭ گۇۋاھلىغىدا نىكاھ ئوقۇيدۇ، نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن يىگىت بىلەن قىزغا شاكىراپ ( تۇزغا چىلانغان نان ) نى يىگۈزىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە، تۇز ئىككى ياشنىڭ مۇھەببىتىنى چىڭىتىدۇ. شاكىراپقا چىلانغان نان بۇردىسىنى ئېلىپ قىز يىگىتكە يىگۈزۈشتە، يىگىت بىلەن قىزنىڭ قولدىشى ناھايىتى چاققانلىق ئىشلىتىپ بالدۇر ئېلىۋېلىشقا تىرىشىدۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە، قايسى تەرەپ بالدۇر يەۋالسا شۇتەرەپ يەنە بىر تەرەپتىن قورقمايدىغان بولىدۇ.

توي كۈنى چۈشتىن باشلاپ توي داستىخىنى ھازىرلىنىپ مېھمانلار كۈتۈلۈشكە باشلايدۇ. ئۇيغۇرلارخۇش ـ چاقچاق، مېھماندوس، سەنئەتخۇمار خەلق بولغاچقا ئۇلارنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرى توي مەرىكىلىرىدە ئالاھىدە ئەكس ئېتىدۇ .شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ توي مۇراسىملىرى ناھايىتى داغدۇغىلىق بولىدۇ، قىز ۋە يىگىت ئۆز ئۆيلىرىدە دوست ـ يارەن خۇلۇم خوشنىلىرى بىلەن ناخشا ـ ئۇسۇل، لەپەر، ئېيتىشىش قاتارلىق ھەرخىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ .پائالىيەت ئاخىرلاشقاندا يىگىت تەرەپ ئۇرۇق تۇققان دوست يارەنلىرىنىڭ ھەمراھلىغىدا قىزنىڭ ئۆيىگە قىز كۆچۈرۈشكە بارىدۇ ، ھەممەيلەن قىز ـ يىگىتنىڭ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىشىدۇ . دۇئادىن كېيىن، يىگىت تەرەپتىن كەلگەنلەر قىزنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېتىدۇ. يىگىتنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن قىز پاياندازغا دەسسەپ، بىللە كەلگەن يەڭگىلەر بىلەن ھازىرلانغان ئۆيگە كىرىپ ئۆينىڭ تۆرىدە يۈزى نىپىز چۈمبەلدە يېپىقلىق ھالدا ئولتۇرىدۇ، قېيىن ئانا كېلىننىڭ يۈزىنى ئېچىپ، پىشانىسىدىن سۆيۈپ قويىدۇ.

ئۇيغۇر يىگىت قىزلىرى نىكاھنى مۇقەددەس بىلىدۇ ، نىكاھ دېگەن پاكلىق ھەرەمخانىسى، ۋىسال باغچىسىدۇر. نىكاھ دېگەن يۈرەكنىڭ ئەركىن تېپىشى. نىكاھ مۇھەببەتنىڭ قاتىلى ئەمەس بەلكى مۇھەببەتنى كامالىغا يەتكۈزىدىغان باغ. ئۇيغۇرلار نىكاھتىن بۇرۇن بىرلىشىشنى زىناخورلۇق، مۇھەببەتنى ھاقارەتلەش، مۇھەببەتكە خىيانەت قىلىش دەپ بىلىدۇ. جەمئىيەت ھەرقانچە ئېچىۋىتىلگەندىمۇ، قىز ـ ئوغۇللار ھەرقانچە ئەركىنلىشىپ تىزگىنىدىن بوشاپ كەتكەن تەقدىردىمۇ نىكاھ ۋە مۇھەببەت يوسۇنلىرىمىزغا خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇ مەدەنىيلىشىش بولماستىن بەلكى ھايۋانلىشىش بولىدۇ. پەقەت ھايۋانلارلا مۇھەببەتسىز، قائىدە قانۇنىيەتسىز كۆرگەنلا يەردە جۈپلىشىدۇ. مۇھەببەت دېگەندە ئالداش ئالدىنىش دېگەنگە ئورۇن يوق، شۇڭا نىكاھتىن بۇرۇن بىرلىشىشنى تەلەپ قىلىش ھەرگىزمۇ مۇھەببەت ئەمەس، ئۇ مۇھەببەتنى ھاقارەتلەش بولىدۇ. بۇخىل ھاقارەتنى قوبۇل قىلغان قىز ـ ئوغۇلمۇ مۇھەببەت ئەھلى سانالمايدۇ .

ئۇيغۇر يىگىت ـ قىزلىرىنىڭ مۇھەببەتلىشىش ئۇسۇلى شۇكى ئۇلار ھايانى ئالدىنقى قاتارغا قويىدۇ. مۇھەببەتنى كۆزكۆز قىلمايدۇ بەلكى پىنھان تۇتىدۇ. ئۇيغۇر يىگىت ـ قىزلىرى مۇھەببەت ھېسلىرىنى قىلىقسىز ھەرىكەتلىرى بىلەن ھاقارەت قىلمايدۇ. قاش ئېتىش، شەلپەردەك قىزىرىپ يەرگە قاراش، چىرايلىق تەبەسسۇملىرى ئارقىلىق قەلبىدە يانغان كۆيۈك ئوتلىرىنى ھېس قىلالايدۇ. ئۇيغۇرلار ھايا يوق يەردە مۇھەببەتمۇ يوق، ۋاپامۇ يوق دەپ قارايدۇ. ھايا ئۇلارغا ھېسىياتنى يوزمۇيۈز دېيىشكە ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت خەتلىرى، قولياغلىقىقا چېكىلگەن بىرجۈپ گۈل دېگەندەك ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىزھار قىلىشقا ئادەت قىلغان.

ئۇيغۇرلار مۇھەببەت پىرىنسىپىدا ۋاپانى ئەڭ ئېسىل دەپ قارايدۇ، شۇڭا ھۆسن جامالىغا قاراپ ئەمەس، پەزىلىتىگە قاراپ كۆڭۈل قويىدۇ . ئۇيغۇر خەلقى ۋاپانى مۇقەددەس بىلگەنلىگى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ . يۇسۇپ خاس ھاجىپمۇ «ھەققى ۋاپا ۋە ھايا ئەھلىنى سۆيسەڭ قالغان ھەممە شەرت ئورۇندىلىدۇ. ئەگەر ۋاپا بىلەن ھايا بولمىسا، قالغان مال ـ دۇنيا، نەسەپ ـ مەرتىۋە ۋە ھۆسن جامالى ھەرقانچە يۇقىرى بولسىمۇ بىكار» دېگەن. دېمەك مۇھەببەتتە ۋاپانى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئەنئەنىسىگە ئايلانغان.

ئۇيغۇرلار گەرچە مۇكەممەل قائىدە يوسۇنغا ئىگە مىللەت بولسىمۇ، دەۋر تەرەققىياتى، ھەرخىل ئۆزگىرىشلەر، زامانىۋىلىق بىلەن ئەنئەنە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ، چەتئەل مەدەنىيىتىنىڭ سىڭىپ كىرىشى قاتارلىق ئامىللار سەۋەپلىك ئۇيغۇر قائىدە يوسۇنلىرى ئۆزىنىڭ يارقىن جۇلاسىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەنئەنىۋى قائىدە يوسۇن تەرەپدارلىرى بىلەن ئەنئەنىدىن چەتنىگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدا رۆشەن بۆلۈنۈش شەكىللەنمەكتە .ھەتتا بەزىلەردە شۇنچىلىك ياتلىشىش بولىۋاتىدۇكى ئۆز ئانا تىلىدا سۆزلەشنى مەدەنىيەتسىزلىك ھېساپلايدۇ ، بەزىلىرى ئانا تىلىدا مەقسەت مۇددىئاسىنى ئېنىق ئىپادىلىيەلمەيدۇ. قائىدە يوسۇنلارنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىغى مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مەنىۋى قۇدرەتنىڭ ئاجىزلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق قائىدە ـ يوسۇنلىرىمىزنىڭ يادروسىنى ئىنسانى ئەخلاق، دوستلۇق، ۋاپا، ھۆرمەت، ھايا قاتارلىق ئىنسانى خىسلەتلەر تەشكىل قىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا قائىدە يوسۇنلىرىمىز يىمىرىلىدىكەن، كىشىلىرىمىزنىڭ ئېسىل ئىنسانى خىسلەتلىرىدىمۇ يامان سۈپەتلىك ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جەمئىيىتىمىزدە رەزىللىك ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ، كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيەت ئېڭى تۆۋەنلەيدۇ، شۇڭا قائىدە يوسۇنغا سەل قارىماسلىق كېرەك. بولۇپمۇ بىزگە ئوخشاش چەتئەلدە ياشاۋاتقانلار چوقۇم قائىدە يوسۇنلارنى ھاياتىمىزنىڭ بىر قىسمى قىلىش بىلەن پەرزەنتلىرىمىزگە جانلىق ئۈلگە يارىتىپ، قائىدە يوسۇنلىرىمىزنى قوغدىشىمىز ، تېخىمۇ زور ھاياتى كۈچكە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك. قائىدە يوسۇندىن يىراقلاشساق قۇتتىن يىراقلايمىز زاۋاللىققا يۈز تۇتىمىز. قائىدە يوسۇنلىرىمىز بىلەن ھايات گۈللەپ ياشنىغۇسى.

پايدىلانغان ماتىرىياللار :
1ـ ئەنۋەر سەمەت قورغان «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر »
2 ـ مۇتەللىپ ئىقبال «ئۇيغۇرلاردا تويلۇق »
3 ـ «ئۇيغۇرلاردىكى ئائىلە ـ مۇھەببەت قارشى ۋە ئىسلام دىنى »
4 ـ مىرزا قادىر «ئائىلە مۇھەببەت ۋە تورمۇش سۈرەتلىرى » تەڭرىتاغ ژۇرنىلى 4 ـ سان .
5 ـ «ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە ـ نىكاھ ئادەتلىرى » ئىزدىنىش تورى.

**بۇھەجەر داۋۇت،**
تۈركىيە

# *АРУП ЗЕРИП ОҒЛИНИ ӘСЛӘЙМӘН*

*(Аруп Зерип оғлиниң вапатиға 20 жил)*



Мана, 2022- жили, Аруп Зерип оғлиниң вапат болғиниға 20 жил болупту. Вақит, немә дегән тез өтиду. Техи түнүгүнла аримизда жүргәндәк қилған ағинимизниң вапатиға 20 жил толупту.

Биз, Арупжанниң вапатини әслигинимиздә, униң өткәнки һаяти бир-бирләп көз алдимизға келиду.

Мән, Арупжан билән толуқсиз вә толуқ оттура мәктәпләрдә биллә оқуғанлиғим үчүн уни яхши билимән. У оқуп жүргән вақитлирида, кишиләрниң көзигә алаһидә ташлинип туридиған зерәк, тетик, шох балиларниң бирси еди. У, мәктәптики паалийәтләрниң һәммисигә (тәнтәрбийәгә) актив қатнишатти, дәрисләрниму яхши оқатти. Шуниң үчүнму оқуғучилар уни яхши көрәтти.

У, Или әрләр толуқ оттура мәктивини 1955- жили пүттүрүп, Или маарип идарисиниң йолланмиси билән Бейҗиң милләтләр институтиға оқушқа кириду. У өз кәспи дәрисини яхши оқуғанниң сиртида, институт футбол командисиға уйғур оқуғучилардин талланған бирдин-бир әза болуп қатнишип, яхши оюнчи екәнлигини намаян қилди.

Шу жиллири, атақлиқ композитор, муқамшунас, маһир чалғучи, нахшичи Ғиясидин Барат шу милләтләр институтида билим ашуривататти. Тәғдир пешанә булар бир ятақта болуп қалди. Бу пурсәтни қолдин бәрмигән Арупжан униңдин қеткинип дутар челишни вә нахшиларни ейтишни үгәнди. Нәтиҗидә, дутарни яхши чалидиған, нахшиларни бабиға йәткүзүп ейталайдиған болуп йетишип чиқти. Бу маһарәтни у һаятиниң ахириғичә давамлаштуруп кәлди. Хели-хели чалғучилар униңға дутарда йол қоюдиған болуп қалди.

Арупжан 1957 - жили, ағриқ сәвәвидин оқушини ташлап Үрүмчигә йөткүлүп келип, Үрүмчи малийә институтида бир тәрәптин ишләп, йәнә бир тәрәптин давалинип, нәтиҗидә саламәтлиги яхши болуп кетиду.

Арупжан, 1963- жили, аилиси билән Қирғизстанниң Фрунзе шәһиригә көчүп чиқип, һәр саһаларда ишләп



жүрүп, атисиз қалған чоң аилини тәнтирәтмәй бекип, анисини рази қилғандин сиртида, инилирини, сиңиллирини өйлүк-очақлиқ қилип, акилиқ қәрзини ада қилди.



Арупжан Зерипниң теги-тәкти Атуш, Иксақтин болуп, чоң бовиси Яқупһаҗим әл сөйәр адәм болғачқа, Иксақтики су қийинчилиғини һәл қилип, көл қаздурған киши екән. Бовиси Шерип Қариһаҗим Илиға чиқип маарип ишлириға йеқиндин ярдәм қилған мәрипәтпәрвәр адәм болғачқа, Ғулҗидики «Үмүд» мәктивиниң Атилар комитетида ишләп, йәнә муәллимликму қилған екән.

Демәк, буларниң ата тухумида маарипчилиқ, хәлиқчилиқ қени болғачқа, бу Аруп Зерипниң қенида сақланған чеғи, балиларни оқутуш вә уларниң йезиқ савадини чиқиришқа алаһидә көңүл бөлүп, Төкүлташ мәһәллисидики «Мәрипәт өйидә» уйғур балилирини(оғул,қиз) оқутуп 80 дәк балини саватлиқ қилған. Улар һазирғичә хәлә ярамлиқ ишларни қилип келиватиду. Униңдин башқа, Арупжан бир елипбә түзүп чиқип балиларға тәқдим қилған. Йәнә шу чағдики «Иттипақ» ниң һамилиғида «Ана тил ғәзинилири» дегән китапни хәлиқниң пайдилиниши үчүн нәширдин чиқарған, Қирғизстан конституциясини уйғурчиға тәрҗимә қилған.

Аруп Зерип Неғмәт Босақов Қирғизстан уйғурлири»Иттипақ» жәмийитигә рәис болған мәзгилидә бир мәзгил «Иттипақ» гезитиниң муһәррири болуп, барлиқ паалийәтләргә актив қатнашқан.

Биз мошундақ бир кериндишимиздин, сәпдишимиздин айрилған болсақму, биз униң қилған ишлирини даим әсләймиз.

Аруп Зерип дуниядин өтүп кәткини билән, униң оғуллиридин Адил өз алдиға бир ферма ечип ишлисә, чоң оғли Ильяр Төвәнки Төкүлташ мечитиниң мутвәллиси һәм шу мәһәллиниң жигитбеши болуп, әлниң хизмитини қиливатиду.

Биз һаят қалған әл-ағинә, тонуш-билиш, холум-хошна, әлжамаәт мәрһум Аруп Зерипниң һаят чеғида қилған яхши әмәллирини яд етип, уни әсләп турумиз, дуа қилимиз, амин!

**Усман Турди**



9-январь күни, Өзбәкистан Дөләт консерваториясиниң доценти, миллий музика сәнъитиниң йетүк тәтқиқатчиси, сәнъәтшунаслиқ пәнлириниң доктори, мәрһум музикашунас, профессор,

**АБДУЛӘЗИЗ ҺАШИМОВНИҢ ОҒЛИ ӘКРӘМ ҺАШИМОВ**

59 йешида вапат болди.

Әкрәм Һашимов 1963-жили, 4-январь күни туғулған вә Ташкәнттики Р.М. галерия музика мәктивини тамамлиғандин кейин Ташкәнт консерваториясидә оқуп, уни мувәппәқийәтлик тамамлиған һәм давамлиқ аспирантурада оқуп, музика, йәни сәнъәтшунаслиқ саһәсидә докторлуқ унваниға сазавәр болған вә мәзкур консерваторияда көп жиллар доцентлиқ унванида оқутуш билән шуғуллинип кәлгән еди.

Көплигән илмий әсәрләрниң автори вә шагиртларниң устази Әкрәм Һашимов Өзбәкистан, Қазақстан мәтбуатлирида вә Фейсбук, Инстграмм вә башқа ижтимаий торлардиму Өзбәкистанни өз ичигә алған Мәркизий Асияда уйғур мәдәнийити, уйғур сәнъитини тонуштуруш йолида тохтимай һәрикәт қилған.

Әкрәм Һашимов уйғур миллий музика нәзәрийәси тәтқиқати саһәсидә йетишип чиққан хәлиқара сәвийәдики пәхирлик музика алимлиримизниң бири. Әкрәм Һашимов уйғур хәлқи арисидин тунжи болуп, Ташкәнт консерваториясидә 12 муқам тәтқиқатида илмий диссертация йезип, докторлуқ вә арқидин профессорлуқ унваниға сазавәр болған.

***Әкрәм Һашимовниң*** вапати мунасивити билән мәрһумниң аилисигә, уруқ-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә изһар қилимиз.

Мәрһумнинң ятқан йери жәннәттә болсун.

***Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» жәмийити***



Йеқинда көрүнәрлик шаирә

***ЗӘЙНУРӘ ӘСҚӘРЖАН ҚИЗИ***

75 йешида Истамбул шәһиридә вапат болди. Зәйнурә Әсқәржан қизи 1946-жили Қәшқәрдә туғулған. Балилиқ чағлири Ақсу, Үчтурпанда өткән. 1965-жили Бежин Мәркизий милләтләр институтиниң тил вә әдәбият факультетини түгәткәндин кейин Шинжаң университетиниң әдәбият факультетида 1985-жилиғичә оқутқучи болуп ишлигән.

1985-жилидин тартип та вапатиғичә Түркияниң Истамбул шәһиридә яшиған. Зәйнурә Әйсә ханим Шәрқий Түркистан жумһурийити миллий армия атлиқ полкиниң дохтури Әсқәржан Сулаймановниң қизи. Зәйнурә Әйса ханим уйғур миллий шеирийитиниң көрүнәрлик вәкили сүпитидә өзиниң «Шеһидлар өлмәс» намлиқ шеири билән кәң хәлиқ аммиси ичидә тонулған истедатлиқ шаирә.

Түркиядә түрк тили вә әдәбияти журнилида «Сени издәватимән», «Үчинчи сөйгү», «Мән тарихчи» намлиқ мақалилири бесилған.

***Зәйнурә Әйсә*** ханимниң вапат болуши мунасивити билән мәрһумәниң аилисигә, уруқ-туққанлириға вә йеқин кәсипдашлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз.

Мәрһумәниң ятқан йери жәннәттә болсун.

***Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» жәмийити***



2021-жилниң декабрь ейида Чүй вилайити, Сокулуқ наһийәси, Чәт-Көл йезисиниң турғуни, мошу йеза уйғур жамаәтчилигиниң һөрмәтлик әзаси, мошу йезида көп жиллар бойи әмгәк қилған, чоң инақ аилиниң аниси вә момиси

**ӘЙСАЕВА ҺӨРНИСА РОЗМӘМӘТ ҚИЗИ**

дуниядин қайтти. Мошу қайғулуқ мунасивәт билән мәрһумәниң аилисигә, уруқ-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә изһар қилимиз. Мәрһумәниң ятқан йери жәннәттә болсун.

***Чәт-Көл йезисиниң уйғур жамаити***
***Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» жәмийити***



Чүй вилайити, Аламедин наһийәси, Лебединовка йезисиниң турғуни

***САДИҚОВА МӘКСУДӘМ ИНАМЖАН ҚИЗИ***

72 йешида вапат болди. Сөйүмлүк ана, қәдирдан мома мәрһумә ***Мәксудәм Инамжан қизиниң*** вапат болуши мунасивити билән мәрһумәниң аилисигә, уруқ-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз. Мәрһумәниң ятқан йери жәннәттә болсун. Аминь

***Уруқ-туққанлири***
***Лебединовка йезисиниң уйғур жамаити***

«ТӘҢРИ ТАҒ САДАЛИРИ»

Уйғур радиоаңлитиши өз паалийитини башлиди. Бу аңлитишни һәр сейшәнбә күни саат 20:40та **«Кырғыз радиосиниң»** FM 106.9 долқунида аңлисаңлар болиду:

Бишкәк – Чүй - FM 106.9
Талас – FM 107.6
Қара-Буура – FM 103.5
Қара-Кол – FM 103.8
Жалал-Абад – FM 105.9
Каныш-Кыя – FM 104.7
Сулукту – FM 102.5
Иссик-Көл – FM 106.0
Нарын – FM 105.0
Алай – FM 101.7
Чоң Алай – FM 102.5



# Диққәт!

2022-жили, 19-февраль күни «Ават»
Банкет залида
РЕСПУБЛИКИЛИҚ ЧОҢ МӘШРӘП өткүзилиду.
Өткүзүлидиған җайи:
Разин кочиси, 2 (Чүй проспектиниң кесилишидә, ТЭЦ райони). Өткүзүлидиған вақти: 17:00.
Билетниң бир кишилик баһаси – 1000 сом
Бу мәшрәпни Беловодское вә Чалдовар йезилириниң җамаәтлири өткүзиду.
Жигитбешилар Сраждин вә
Абду-Нәби
Алақә вә билетләрни сетип елиш телефонлири:
Сидиқҗан – 0555975099, 0700975099
Сраждин – 0557357582, 0703426517
Абду-Нәби - 0552622621

# Внимание!

19 февраля 2022 года проводится
ОБЩЕРЕСПУБЛИКАНСКИЙ МАШРАБ,
который состоится в Банкетном зале «Ават» по адресу: ул.Разина, 2 (пересекает проспект Чуй, район ТЭЦ). Время проведения: 17:00.
Стоимость билета на одного человека – 1000сом.
Данный машраб проводят джамааты с.Беловодское (жигитбеши Сраждин) и
с. Чалдовар (жигитбеши Абду-Наби).
Телефоны для справок:
Сыдыкжан – 0555975099, 0700975099
Сраждин – 0557357582, 0703426517
Абду-Наби - 0552622621



# ТӘБРИКЛӘЙМИЗ!





Аилимизниң дурданиси, түвриги, сөйүмлүк анимиз вә момумиз РАХМАНОВА АЙШӘМ ИСМАИЛ қизини туғулған күниниң шанлиқ 90 жиллиғи тәвәллуди билән чин жүригимиздин қизғин тәбрикләймиз! Мошу мунасивәт билән қәдирдан, меһрибан анимизға аә момумизға тән-саламәтлик, узақ өмүр вә күч-қувvәтләрни тиләмиз. Туғулған күниңиз қутлуқ болсун!
Рахмановлар аилисидин оғуллири: Шухрәт, Ғәйрәт, Журъәт, қизи Рошәнгүл, күйоғули Абдумежит, келинлири вә нәвирлири, вә уруқ-туққанлири.



Бишкек шәһири, «Восток-6» мәһәллисиниң уйғур җамаәтчилигиниң жигитбеши
КАМАЛОВ АЗАТ БАҚИ
оғлини туғулған күниниң 70 жиллиқ нишани билән чиң көңлимиздин тәбрикләймиз! Мошу мунасивәт билән Азат Бақи оғлиға тән-саламәтлик, узақ өмүр, аилисигә паравәнлик вә униң җамаәтчилик саһәсидики паалийәтлиригә көп утуқларни тиләймиз!
Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» җәмийити.



От всего сердца поздравляем нашего любимого и дорогого главу и опору семьи, отца и дедушку
ПАЙЗУЛЛАЕВА ДИЛЬШАТА
с 63-летием
со дня его рождения!
Желаем ему в первую очередь крепкого здоровья, долгих лет жизни,личного счастья и благополучия
С уважением: дети- Ильшат, Арзугуль, сестренки - Халида, Рашида и внуки

# Диққәт!

2022-жили, 6-март күни, «Инсар» кафесида аялларниң
«Баһар байрими» мәрикиси өткүзүлиду.
Өткүзилидиған вақти: 17:00
Билетниң баһаси: 1600 сом
Алақә вә билетләрни сетип елиш телефонлири:
мкр. Аламедин (Дильбәр) – 0700 025 037
Восток йезиси (Патигүл) – 0700 398 904
Төкүлташ мәһәллиси (Гүлбаһар) 0702 141 281

